# ئىلىدا يېڭى مائارىپ ھەركىتى قانداق باشلانغان

1. ئىلىدا يېڭى مائارىپ ھەركىتى قانداق باشلانغان (يالقۇن روزى) ..........2 ـ بەت
2. بېيجىڭدا ياشىماق ئاسان ئەمەس (سۆھبەت) ........................36 ـ بەت
3. مەنىلىك ئۆتكەن ھايات (مۇھەممەتجان تىلىۋالدى)....................56 ـ بەت
4. مېيىپلىق تەندە ئەمەس، روھتا ( مۇھەممەتجان تىلىۋالدى)................71 ـ بەت
5. بىزگە پەلسەپە نېمىشقا لازىم (3) (داۋۇت ئوبۇلقاسىم)....................77 ـ بەت
6. تاش ۋە تارىخ (مەمتىمىن ئەلا)..................................91 ـ بەت
7. قىزلار، بىز ئۇيغۇر! بۇ تەكلىماكان (ئەيساجان تۇردى ئاچچىق)..........102 ـ بەت
8. ھۆرمەت، قىممەت ۋە ھىممەتكە ياندىش خىياللار (مۇتەللىپ ئىقبال)..........110 ـ بەت

# ئەلدا يېڭى مائارىپ ھەركىتى قانداق باشلانغان

يالقۇن روزى

ئانا دىيارىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەلى ۋادىسى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتى، يەنى جەدىدچە مائارىپ ھەرىكىتىدىكى ئاۋانگارت ئورۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ئەلى ۋادىسىدا ئېچىلغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى باشقا يۇرتلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن ئۈستۈن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، شۇڭغا يارىشا 1980 ـ يىللاردىن ھازىرغىچە ئەلنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاقىدار ماقالە ـ ئەسلىمىلەرمۇ كۆپلەپ يېزىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، 30 يىلدىن بۇيان يېزىلغان بۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەردە ئەلنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى چىنلىق ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەر ئەلنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە، بۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. لېكىن 30 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە تەتقىقات دەرىجىسىدە يېزىلغان بىرەر ماقالە ـ ئەسەر بارلىققا كەلمىدى، بۇ توغرۇلۇق يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر بەك بولسا يۈزەكى بايان شەكلىدىلا بولدى. 30 يىلدىن بېرى يېزىلغان ئاشۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەردە كۆرۈلگەن زىددىيەتلىك بايانلار، خاتا تەپسىلاتلار، ئېگىز ـ پەس يىلنامىلەر توغرۇلۇق تەنقىدىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن بىرەر ماقالىنىڭمۇ مەتبۇئاتتا كۆرۈلمەسلىكى، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە ئىلمىي روھنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر بىزدە ئىلمىي روھ يېتەرلىك بولغان بولسا، بۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەردىكى بايانلارنىڭ قايسىسى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، يىلنامىلەرنىڭ قايسىسى ئىشەنچلىك، شەخسلەرگە ئالاقىدار تەپسىلاتلارنىڭ چىنلىق ئاساسى قانچىلىك؟ دېگەندەك گۇمانىي سوئاللار ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى. جەريانىنى سۈرۈشتۈرۈش، پاكىتنى دەلىللەش ئارقىلىق كۆزقاراشلارنى ئېنىكار قىلىش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتەك ئىلمىي پوزىتسىيەمىز ئاجىز بولغاچقا، گويا 30 يىلدىن بۇيان يېزىلغان ماقالە ـ ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسى توغرىدەك، ئەلدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى، شەكىللىنىشى ھەققىدىكى بايانلار ۋە يىلنامىلەر، بۇ ھەرىكەتتە باشلامچى

بولغان تۈۋەپكار بايلار ۋە مائارىپچىلارغا ئالاقىدار تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى توغرا قەيت قىلىنىپ كېلىنگەن، ئىملا ئاتالغۇلارنىڭ ئىزچىل ئىشلىتىلىشى جەھەتتىكى خاتالىقلار ئازايمىغاندەك كۆرۈلدى. ئەمەلىيەتتە، خاتالىق ناھايىتى ئېغىر ئىدى. تېخىمۇ يامان يېرى، خاتالىق ئىزچىل تەكرارلىنىشتەك بىنورماللىق مەۋجۇت ئىدى. بۇ خاتالىقلارغا رەددىيە ۋە تۈزىتىش بېرىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. بولمىسا، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش چوڭقۇرلاشمايتتى، سۈپەت كۆتۈرۈلمەيتتى.

مەن خېلىدىن بېرى ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىغا ئائىت ماقالە ـ ئەسلىمىلەردىكى خاتالىقلارنى بايقاپ كەلگەن بولساممۇ، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخى» ناملىق يېزىلىۋاتقان كىتابىمدا تۈزىتىپ ھەم توغرىلاپ كەتسەملا بولىدىغۇ، دەپ قاراپ مەخسۇس ماقالە يېزىشنى خىيال قىلمىغان ئىدىم. لېكىن، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2012 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان زور ھەجىملىك «جەننەت ماكان — ئىلى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بابىدا ئىلمىي خاتالىقلارنىڭ ئوخشاشلا تەكرارلانغانلىقىنى كۆرۈپ قولۇمغا قەلەم ئېلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئىلىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش تۇنجى قېتىم كىم تەرىپىدىن، قاچان، قانداق باشلانغان دېگەن نېگىزلىك مەسىلە «جەننەت ماكان — ئىلى» ناملىق بۇ كىتابتا پۈتۈنلەي خاتا يېزىلغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ خاتالىق باشقىلارنىڭ ماقالە ـ ئەسلىمىلىرىدە ئىلگىرى بايان قىلىنغان خاتالىقنى تەكرارلاش شەكلىدە كۆرۈلگەن.

يىغىنچاقلاپ قارايدىغان بولساق، بۇ نېگىزلىك مەسىلە ئوخشاشمىغان ماقالە ـ ئەسلىمىلەردە بەش خىل بايان قىلىنغان.

بىرىنچى خىل قاراش. بىرىنچى خىل قاراش ئىلى يېڭى مائارىپى، يەنى جەدىدچە مائارىپ تارىخىغا ئالاقىدار تۇنجى ئەسلىمىدە كۆرۈلگەن. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى يازغان «ئىلىدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى — ئۇسۇلى قەدىم ۋە ئۇسۇلى جەدىد توغرىسىدا» دېگەن بۇ ئەسلىمە 1984 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (1) دا ئېلان قىلىنغان. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى بۇ ماقالىدا «ئاتمىز مەرھۇم ئابدۇلمۇتائالى كامالى (خەلپەم) ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى

ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرى» دېگەن. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى بۇ ئىشنىڭ جەريانى توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «ئاتام دەسلەپتە موللا ئېلى ھاجى دېگەن شائىردا، كېيىن شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئىشان ۋە شائىر نىزامىدىن ئاخۇنۇمدا ئوقۇغان. بۇنىڭدىن سەل كېيىن ياركەنتكە ئابدۇراخمان داموللام دېگەن تاتار ئالىم كېلىدۇ. بۇ كىشىمۇ مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار بېرىپ دەرس ئوقۇيدۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاتىمىزمۇ بېرىپ دىنىي دەرس ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئابدۇراخمان داموللام دىنىي دەرس ئوقۇۋاتقانلار كۆپ، سەن ئۇسۇلى جەدىدچە ئوقۇغىن. بۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن خەلققە ئىلىم-مائارىپ ئۆگەتسەڭ شۇنچە ياخشى دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. ئاتىمىز داموللامنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ جەدىدچە ئوقۇيدۇ. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. 1895-يىلى ئەلاباي مەسچىتىگە چۈشۈپ، بالا يىغىپ 40 چە ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتىدۇ. شۇ يازدا غۇلجا شەھىرىنىڭ يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ بۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمتىھان ئالىدۇ.»

ئىككىنچى خىل قاراش. ئىككىنچى خىل قاراش يۇقىرىقى ئەسلىمىدىن كېيىن، يەنى 1985-يىلى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 4-سانىدىكى ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەيساجان مۇسا يازغان «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدا كۆرۈلگەن. بۇ ئىككەيلەن مەزكۇر ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: «مۇسابايېفنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باھاۋۇدۇن باي 1870-يىلى ياركەنتكە چىقىپ، تاتارلار ئاچقان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىدىكى نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن بولغان ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بەيتۇللا چوڭ مەسچىتى يېنىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. مۇسابايېف تىجارەتخانىسى ۋە باشقا مۇلۇكلىرىنىڭ زاكات پۇلى ھېسابىغا 1875-يىلى بەيتۇللا مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن تۆت سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ پارتىلىرىنىمۇ ياۋروپاچە ياسىتىپ، مەخسۇس پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. باھاۋۇدۇن باي بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىنىمۇ ئۆزى تاللاپ، مەكتەپ خىراجىتى ۋە

مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزى تەمىنلىدى. مانا بۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى پەننىي مەكتىپى.» روشەنكى، ئاپتورلار تىلغا ئالغان «پەننىي مەكتەپ» ئادەت بويىچە جەدىدچە مەكتەپنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراش. ئۈچىنچى خىل قاراش يۇقىرىقى ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ ئۈچ ـ تۆت يىللار ئۆتكەندە، يەنى 1988 ـ يىلى نەسرىدىن ناسىرى ئەپەندى يازغان ماقالىدە كۆرۈلگەن. شۇ يىلى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (25) دا ئۇنىڭ «ئىلىنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. گەرچە ئاپتور ماۋزۇدا «كونا مائارىپ ئىشلىرى» دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي جەدىدچە، يەنى يېڭى مائارىپ ئىشلىرى توغرىسىدا توختالغان. ئاپتور ماقالىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئېلىدا جەدىدچە مەكتەپنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقىنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان. پەقەت «غۇلجا شەھىرىدە دەسلەپتە، 1909 ـ يىلى مۇسابايېفلار قۇرغان ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ يېنىدا زاۋۇت ئىشچىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان بىر مەكتەپ ئېچىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىرى سىرتتىن تەكلىپ قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ شۇ چاغدىكى تەسىرى خېلى زور بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن يەرلىك باي، ئەمەلدارلاردىمۇ قىسمەن ئويغىنىش بولدى. نەتىجىدە مەرىپەتپەرۋەر بەزى كىشىلەر، ئويغانغان سودا ـ سانائەتچىلەر ئۆز بالىلىرىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى ئىچىدىكى بىلىم تەشنالىقى كۈچلۈك بولغانلىرىنى تاللاپ، تۈركىيە، ئىستانبول، مىسىر، سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، ئوقۇپ كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن، شۇ چاغدا چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئىگىلەپ كەلگەنلەردىن مەسئۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، جىرجىس ھاجى، ئابدۇللا ئەپەندى، سابىت مۇسابايېف، مىجىت مۇسابايېف، جاۋدەت مۇسابايېف، ئابلەھەت مۇسابايېف قاتارلىقلار بار ئىدى» دېگەن بايانلارنى يېزىپ، جەدىدچە ئوقۇش ئىشلىرىنىڭ غۇلجىدا قاچاندىن باشلاپ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا بۇنىمۇ بىر خىل قاراش دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراش. تۆتىنچى خىل قاراش كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۈمىد يۇلتۇزى» ناملىق كىتابتا كۆرۈلگەن. غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100

يىللىقىغا بېغىشلاپ تۈزۈلگەن بۇ كىتاب 2001 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «1875 ـ يىلى ئەتراپىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشى، مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بەيتۇللا مەسچىت يېنىدا تۆت سىنىپلىق مەكتەپ سېلىنىدى ھەمدە بۇ سىنىپلار يېڭىچە پارتا، دوسكىلار بىلەن جاھازىلاندى. ئوقۇغۇچىلار ياش قورامى ۋە بىلىم سەۋىيەسى بويىچە سىنىپلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دىنىي دەرسلەر بىلەن بىللە تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرى ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. بۇ مەكتەپ غۇلجىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما ناسىر ئەلەمنىڭ قوللىشى، ۋېلىباي، باھاۋۇدۇن باي، شېرىپىدىن باي قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر بايلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ دەسلەپكى مۇدىرى قازاندا ئوقۇپ كەلگەن زاھىد ئەپەندى ئىدى. زاھىد ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەكتەپكە ‹ئىلى مەكتىپى› دەپ ئىسىم قويۇلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەكتەپ 1881 ـ يىلىدىن 1883 ـ يىلىغىچە بولغان ‹كۆچ ـ كۆچ› مەزگىلىدە ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئازلاپ، بىر مەزگىل يېپىلىپ قالغان بولسىمۇ، 1889 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇسابايېفلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەنە ئەسلىگە كەلگەن ۋە ئىسمىنى ‹ھۈسەينىيە مەكتىپى› گە ئۆزگەرتكەن.»

بەشىنچى خىل قاراش. بەشىنچى خىل قاراش يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت خىل قاراشتىن پەرقلىق ھالدا، يەنە يېڭىچە تەپسىلات بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بۇ قاراش ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمىجىت يازغان «تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى ــ ‹ئىلى مەكتەپ› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ماقالە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (11) نىڭ 2003 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ئىككى ئاپتور مۇنداق يازغان: «ئىلىنىڭ مائارىپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە، ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن چەتكە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن، بىلىمىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ خىزمەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى قورغاس مازارلىق زاھىد ئەپەندىم بولسا كېرەك. ئۇ كىشى 1810 ـ يىلى قورغاس كىچىك مازاردىن غۇلجىغا كېلىپ، بۇ يەردىن قازان شەھىرىگە بېرىپ، ئون نەچچە يىل ئوقۇپ، بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئىلى خەلقى ئۇ كىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئىلى خەلقى: ‹ئالغان بىلىمىڭىزنى باللىرىمىزغا بېرىڭ، بۇ يەردىكىلەرمۇ ئاق ـ

قارىنى تونۇسۇن› دەپ ئۇ كىشىنى مۇئەللىم بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. نەتىجىدە زاھىد ئەپەندى مەدرىس يېنىدىكى يېڭى تەسىس قىلىنغان مەكتەپكە ئورۇنلىشىپ مۇئەللىم بولىدۇ. بۇ ئىلى رايونىدا قۇرۇلغان تۇنجى مەكتەپ بولغاچقا، كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلىشىپ بۇ مەكتەپكە ‹ئىلى مەكتەپ› دەپ نام قويىدۇ. 1827ـ يىلى ئىككىنچى قەدەمدە زاھىد ئەپەندى بىر چوڭ ئۆيدە ئوقۇۋاتقان بالىلارنى ئۈچ سىنىپقا ئايرىپ، بىرىگە يۇسۇپ خەلپەتنى، يەنە بىرىگە ئابدۇقادىر خەلپەتنى مەسئۇل قىلىدۇ. يەنە بىر سىنىپقا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.»

ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ قاچان، قانداق ۋە كىملەر تەرىپىدىن باشلانغانلىقىغا ئائىت يۇقىرىقى بەش خىل قاراشتىن باشقا مەن كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغان ئالتىنچى، يەتتىنچى خىل قاراشلار بارمۇ؟ خەۋىرىم يوق. مېنىڭ ئۇچراتقىنىم يۇقىرىقى بەش خىل قاراش. بۇ بەش خىل قاراش 1984ـ يىلىدىن 2003ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەردىكى يىلنامىغا قارايدىغان بولساق ئىلىدا يېڭىچە مەكتەپنىڭ ئېچىلغان ۋاقتىنى بالدۇر دېگىنى 1820ـ يىللار دېگەن بولسا، كېيىن دېگىنى 1910ـ يىللاردا دېگەن. دېمەك پەرق بەك زور. باشلامچىلارمۇ ھەرخىل. نېمە ئۈچۈنكىن «جەننەت ماكان ـــ ئىلى» دېگەن كىتابتا باشقا قاراشلار تىلغا ئېلىنماي ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمىجىت ئوتتۇرىغا چىقارغان «بەشىنچى خىل قاراش» تەكرارلانغان. تەكرارلىغۇچىلار بۇ خىل قاراش ئىلگىرىكى قاراشلار تۈزىتىلىپ، تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان، دەپ قارىغانمۇ ياكى ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى 1820ـ يىللارغا تاقاپ بايان قىلغانلىقىنى خوپ كۆرگەنمۇ، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما ماڭا ئايدىڭ تەرىپى شۇكى، يۇقىرىقى بەش خىل قاراشنىڭ ھەممىسى ماددىي پاكىتسىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېمەك، ھۆججەت، دەلىل يوق. ئىلمىيلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇھەممەتخان كامالى ئوتتۇرىغا قويغان بىرىنچى خىل قاراشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بار. باشقا بارلىق قاراشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى ۋە تارىخىي ئاساسى پەقەتلا يوق.

ئۇنداقتا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش خىل قاراش قايسى جەھەتلەردىن پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ؟

بىرىنچى، «ياركەنت شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن» دېگەن مەسىلە. بۇ قاراش بىرىنچى خىل قاراش بىلەن ئىككىنچى خىل قاراشتا ئىپادىسىنى تاپقان. يەنى، بىرىدە ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم 1895ـ يىلى ياركەنت شەھىرىدە ئۇسۇلى جەدىدنى ئۆگىنىپ كەلگەن دېگەن بولسا، بىرىدە مۇساباينىڭ ئىككىنچى ئوغلى باھاۋۇدۇن باي 1870ـ يىلى ياركەنت شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان دەپ بايان قىلىنغان. ھەقىقەتەن ياركەنت شەھىرى شۇ يىللاردا جەدىدچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان شەھەرمىدى؟ دېگەننى ئېنىقلاشقا توغرا كەلسە، بۇنىڭغا قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېۋ بىلەن ئۇيغۇر جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم باشلامچىلىرىدىن بىرى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتنىڭ بايانلىرىدىن جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېفنىڭ يېزىشىچە، «1895 ـ يىلى ئانتروپولوگ پايسېل ياركەنت شەھىرىدىكى 300 ئۇيغۇرنى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە ئىچىدە بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەمنى ئۇچراتمىغان①.» مۇرات ھەمرايېفنىڭ تىلغا ئالغان يىلنامىسى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ياركەنتتە جەدىدچە ئوقۇتۇشنى ئۆگىنىپ كەلگەن دېگەن ئەسلىمىدىكى يىلنامە بىلەن ئوپمۇئوخشاش. يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت 1911ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىلىرى قانداق» دېگەن ماقالىسىدا «تارانچى تۈركلىرىدە مەدەنىيەت نۇرى بولغان چوڭراق كىتابخانا، قىرائەتخانا، خەيرىيە جەمئىيىتى دېگەندەكلەردىن ھېچ قايىسسى يوق. ئۇلارنىڭ نامىمۇ يوق. شۇنداقلا مۇنتىزىم مەكتەپ، مەدرىسەگە كەلسەك، بۇرۇندىن قالغان مەكتەپ، مەدرىسەلەر بار دەپ ئاتالغان يۇرتلار بەك جىق بولۇپ، بۇلاردىن ھەقىقەتتە بىرسىمۇ رەتلىك مۇنتىزىم ئەمەس②.»

دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى نەقىلدىكى ئۇچۇردىن ئۇ يىللاردا ياركەنت شەھىرىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، بىراۋلارنى جەدىدچە ئۇسۇلدا تەربىيەلەيدىغان ئىمكانىيەتنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ياركەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تارانچى تۈركلىرى» يۇرتلىرىدا كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەر بار بولسىمۇ، ئەمما رەتلىك، مۇنتىزىم جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئۇ يىللاردا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، قەدىمچە مەكتەپلەر بىلەن جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسى. مەكتەپ دېگەن ئۇقۇمدىن قەدىمچە ياكى جەدىدچە دېگەن ئېنىق ئۇقۇمغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. قەدىمچىسىمۇ مەكتەپ، جەدىدچىسىمۇ مەكتەپ. بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ماقالىلارنىڭ بەزىلىرىدە بۇ ئۇقۇم ئېنىقسىز بايان قىلىنغان. پەننىي دەرس ئۆتۈلسىلا جەدىدچە مەكتەپ ھېسابلانمايدۇ. خۇددى نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت يازغاندەك ئىلى ۋادىسىدا قەدىمچە مەكتەپ-مەدرىسەلەردە پەننىي دەرسلەر قىسمەن بولسىمۇ مەۋجۇت ئىدى. 19-ئەسىردە ئانا دىيارىمىزدىكى قەدىمچە مەكتەپلەردە قانداق دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلۈدىغانلىقىنى ئەنگلىيەلىك س. د. فورسىيسنىڭ كىتابىدىكى ئۇچۇردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇ 1873-يىلى ھىندىستاندىن ئانا دىيارىمىزغا تەكشۈرۈشكە كېلىپ، قەشقەر تەۋەسىدىكى يۇرتلارنى تەكشۈرگەندە مۇنداق يازغان: «سەككىز ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان باللار مەكتەپكە بېرىلىدۇ. ئوغۇل، قىزلار مەكتەپتە ئارقىمۇ-ئارقا تىزىلغان ئۇستەلدە ياندىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئوغۇللار ئومۇمەن ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرىدۇ، قىزلار يەنە بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. ئوتتۇرىسى بوش قالىدۇ. ئەڭ بېشىدا ئوقۇتقۇچى ئولتۇرىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن كىتابتىن دۇئا-تىلاۋەت ئۆگىتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ۋاراڭشىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا دەرسلىرىنى ئوقۇيدۇ. ھەرقايسى شەھەرلەردە نۇرغۇن مەكتەپلەر بار. بۇ مەكتەپلەردە بازار ئەتراپىدىكى باللار كېلىپ ئوقۇيدۇ. ئادەتتە ئېگىز ئۆيلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان، كوچىغا يېقىن بولغان ئۆيلەرنى مەكتەپ قىلىدۇ. قىزلار ئون ياشتىن ئاشقاندا مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ، بىراق ئوغۇللارنىڭ ياش چەكلىمىسى يوق. ئۇلارغا ئوقۇش ۋە يېزىش ئۆگىتىلىدۇ ھەمدە شەيخ سەئىدىنىڭ ‹گۈلىستان› كىتابى دەرسلىك قىلىنىدۇ. ‹ئىسكەندەرنامە› ئازراق ئوقۇتۇلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق ئوقۇش ھەققى ئۈچۈن يېرىم تەڭگىدىن بىر تەڭگىگىچە ھەق بېرىلىدۇ. مائارىپ مەجبۇرىي ئەمەس، بىراق شارائىتى يار بەرگەن ئاتا - ئانىلار باللىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئالىي مەلۇماتلىق بولۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن مەدرىسەگە ئۆرلەيدۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئىلاھىيەت، شەرىئەت، تېبابەت، شېئىرىيەت ۋە تارىخ ھەم بۇنىڭغا قوشۇپ يېزىقچىلىق بىلەن ھېساب دەرسلىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. فىزىكا پەنلىرى

يوق دېيەرلىك بولۇپ ئىلىم ئۆلچەمگە توشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوقۇيدىغىنى ئىلاھىيەت ۋە مېتافىزىكا بولۇپ ئەمەلىي قوللىنىشچان ئىلىملەرگە سەل قارايدۇ. ھەربىر شەھەردە نۇرغۇن مەدرىسە بار ئىكەن» ، «ئەمىر (ياقۇپ بەگنى دېمەكچى) نىڭ پەرمانى بىلەن يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇن مەكتەپ، مەدرىسە قايتىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپتۇ. نۇرغۇنلىرى كارىدورلۇق سېلىنىپ ئەسلىدىكى 20 ئوقۇغۇچىدىن 80 ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچى ئوقۇيالايدىغان ھالەتكە كەپتۇ.③»

مانا بۇ بىزگە 19 ـ ئەسىردىكى قەدىمچە مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ ئەھۋالىدىن يەتكۈزۈلگەن خېلىلا ئوبيېكتىپ مەلۇمات. ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى شەھەرلەرنىڭ مەكتەپ، مەدرىسەلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئاساسەن مۇشۇنداق ئىدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئومۇمەن، بۇ خىل مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك مەزمۇنى كونىچە ئىدى.

«جەننەت ماكان ــ ئىلى» دېگەن كىتابتا، ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمىجىتنىڭ «تۈنجى مەرىپەت بۆشۈكى ‹ئىلى مەكتەپ› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق يازغان: «1840 ـ يىللىرى غۇلجا شەھىرىدىن راشىدىن، مەنسۇر دېگەن كىشىلەر يەتتە سۇغا چىقىپ زامانىۋى ئىلغار مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىنلا، بۇ مەكتەپتە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات دەرسلىرى قوشۇمچە ئوقۇتۇلىدۇ. 1866 ـ يىللىرىغا كەلگەندە غۇلجىدىن شارائىتى يار بەرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت، قازان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يېڭى پەن ـ مائارىپ، ھۈنەر ـ سانائەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ ‹ئىلىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرساق، ئادەملىرىمىزنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ئاشىدۇ، مەدەنىيىتى يۈكسىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ› دېگەنلەرنى تەشۋىق قىلىدۇ.»

بۇ نەقىلدىكى «يېڭى پەن ـ مائارىپ» ، «ئىلىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرساق» دېگەن سۆز ـ جۈملىلەردىن گەپنىڭ جەدىدچە مائارىپ ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بىزدە جەدىدچە مەكتەپ دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا پەننىي مەكتەپ دەپ ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. شۇڭا ئاخىرىدىكى شەكلى ۋە مەزمۇنى زامانىمىزدىكى گېزىتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان

تەشۋىقات خاراكتېرلىك جۇملىلەرگە ئوخشايدىغان بۇ نەقىلنى ئوقۇغان ئادەم قەدىمچە مائارىپ بىلەن جەدىدچە مائارىپ ئىشلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بولسىلا، «بۇ قىلچە ئاساسى يوق بىمەنە مەلۇمات ئىكەن» دېمەي تۇرالمايدۇ. تۇنجى قېتىم، يەنى 1985 ـ يىلى «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدا كۆرۈلگەن بۇ بىمەنە مەلۇماتنى 2012 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابلاردىمۇ ئۆز پېتى ئىستېمال قىلىش، بىزنىڭ ئىلمىي ئاشقازىنىمىزنىڭ «ھەزىم» قىلىش قۇۋۋىتىنى كۆرسەتسە كېرەك. بىزدە ئىدراكىي گۇمان ۋە ئىلمىي ئانالىز ئادىتى دېگەندەك شەكىللەنمىگەچكە يۇقىرىقىدەك بىمەنە بايانلارغا تۆۋەندىكىدەك سوئاللار تۇغۇلۇپ باقمىدى: 1840 ـ يىللىرى يەتتە سۇدا ئىلغار مەكتەپلەر نېمە ئىش قىلسۇن؟ 1866 ـ يىللىرى ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا يېڭى پەن ـ مائارىپ، ھۈنەر ـ سانائەت بىلىملىرى نېمە ئىش قىلسۇن؟ مەكتەپ، مەدرىسەلەرنىڭ سەۋىيەسى قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكتەپ، مەدرىسەلەرنىڭ سەۋىيەسىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئىلى ۋادىسىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇسىنى كىم ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن؟ 1866 ـ يىلى ياركەنت دېگەن شەھەر يەتتە سۇ تەۋەسىدە مەۋجۇتمىدى؟

يۇقىرىقى بايانلارنى يازغان ئاپتورلار بىلەن بۇ بايانلارنى تەكرار ئىشلەتكەن نەقىلچىلەر بۇ گۇمانىي نۇقتىلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. جەدىدچە مەكتەپ دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا پەننىي مەكتەپ دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن ئاپتورلار بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرەرمۇ «پەننىي مەكتەپ» نىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك. دېمەك، بۇ خاتالىقلار قەدىمچە مەكتەپ بىلەن جەدىدچە مەكتەپنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى ۋە پەرقىنى بىلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەقەللىيسى، ياركەنت شەھىرىنىڭ 1881 ـ يىلى ئىلىدىن ۋېلىباي يولداشوف باشچىلىقىدا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، گۇبېرناتور كالپاكوۋسكىينىڭ بۇيرۇقى، ئىنژېنېر ئابراموفنىڭ لايىھەلىشى بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى، 1880 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كىچىك بىر شەھەر ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى بىلىشى لازىم ئىدى. 1881 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يوق شەھەرنى شېپى كەلتۈرۈش ماقالە ـ ئەسلىمىلەرنى يېزىش توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىشتىن

باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخچىلىقنىڭ مېتودىدىن ئايانكى، تارىخچىلىق توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا ئىمكان بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئامىللار تارىخچىلىقنىڭ چىنلىق ئاساسىنى تەۋرىتىۋېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىككىنچى خىل قاراش بىلەن تۆتىنچى خىل قاراشمۇ ئىناۋەتسىز!

ئۈچىنچى، باھاۋۇدۇن باينى 1870 ـ يىللىرى دىنىي مەكتەپلەردە دۇنياۋى ئىلىملەرنىڭ ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان دېگەن مەسىلە. بۇ ئىككىنچى خىل قاراش بىلەن تۆتىنچى خىل قاراشتا قەيت قىلىنغان. مەن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى يازغان «نەزەربىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» دېگەن ماقالەمدە تىلغا ئالغاندەك، 1870 ـ يىللاردا باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ تۇغۇلمىغان ياكى تۇغۇلغان بولسىمۇ ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن گۆدەك چاغلىرى ئىدى. ئۇ يىللاردا باھاۋۇدۇن باي ياركەنتتىكى تاتار مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەنىدى، دېگەن گەپلەرمۇ قىپقىزىل ئويدۇرما گەپلەردۇر. ماتېرىياللاردا باھاۋۇدۇن باي 1851 ـ يىلى تۇغۇلغان دېگەن بايانلار ئۇزاقتىن بۇيان يېزىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىشەنچسىزدۇر. مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارايدىغانلىقىمنى بىلمەكچى بولغانلارنى «نەزەربىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» دېگەن ماقالەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلارنى ئوقۇپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن. بىزنىڭ ئەسلىمە ۋە تارىخقا ئائىت ماقالىلارنى يازىدىغان كۆپلىگەن ئاپتورلىرىمىز باشقىلار دېگەن ياكى يازغان تارىخىي مەلۇمات ۋە قاراشلارنى پاكىت ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن دەلىللەپ، تارىخىي جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلىپ، لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، بۇ چاغقا بىزنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. مىسال ئۈچۈن كۆرستىدىغان بولساق ئىلگىرى يېزىلغان بىر قىسىم ماقالىلاردا بايان قىلىنغان تۆۋەندىكىدەك قاپقارا ئويدۇرمىلار «جەننەت ماكان ـــ ئىلى» دېگەن كىتابتا شۇ پېتى تەكرارلانمىغان بولاتتى. قاراڭ:

«1875 ـ يىلى باھاۋۇدۇن باي بەيتۇللا مەسچىتى دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن تۆت سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇرىدۇ. مەكتەپنىڭ ئۈستەل ـ پارتا، ئورۇندۇقلىرىنىمۇ پۇتۇنلەي ياۋروپاچە ياسىتىپ، بۇ مەكتەپنى پۇتۇنلەي پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتىدۇ. مەكتەپنىڭ خىراجىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆز يېنىدىن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

1896 ـ يىلى چەت ئەللەرنى كۆرۈپ كەلگەن باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ بەيتۇللا مەسچىتى پەشتىقىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كونا سىنىپلارنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن كارىدورلۇق ئۈچ سىنىپ سېلىپ، ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك پەننىي مەكتەپ بەرپا قىلىپ، يەتتە سىنىپ تەسىس قىلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشىدۇ. مەكتەپتە مۇسابايېفلارنىڭ راسخوتى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان شادى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىل ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.» (300 ـ بەت)

بۇ ئىككى ئابزاس باياننىڭ بىرىنچىسىدىكى «1875 ـ يىلى» دېگەن يىلنامىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «پۈتۈنلەي پەننىي دەرس ئۆتۈدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ، باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساقلا، مەسىلىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمىز. باھاۋۇدۇن باي ئىلىدىكى ئەڭ كاتتا مەسچىد بولغان بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ بىقىنىدا «پۈتۈنلەي پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ» قۇرسا مەدرىسە ئۆلىمالىرى قاراپ تۇرارمۇ؟ «نېمىشقا دىنىي دەرس ئۆتمەيسەن» دەپ سورىماسمۇ؟ ياكى باھاۋۇدۇن باي ئاتېئىزمچىمىدى؟ «باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتكەن» دېگەن جۈملىنى ئوقۇغاندا تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ: غۇلجىدا 1870 ـ يىللىرى تولۇق پەننىي دەرسلەرنى ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارمىدى؟ تاللاپ ئىشلەتكۈدەك كۆپ بۇ ئوقۇتقۇچىلار قايسى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەن؟ بۇ دارىلمۇئەللىمىننى كىم قۇرغان؟ بۇ دارىلمۇئەلىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى كىملەر ئىدى؟

گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ بايانلار توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئىككىنچى ئابزاستىكى 1896 ـ يىلى غۇلجىدا «ئوتتۇرا دەرىجىلىك پەننىي مەكتەپ» يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك جەدىدچە مەكتەپ بولغان، «بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشاتتى» دېگەندەك بايانلارمۇ كۈلكىلىكتۇر. ئۇ چاغدا غۇلجىدا بۇ سەۋىيە، بۇ كۆلەمدىكى جەدىدچە

مەكتەپ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەگەر بار بولسا نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت 1911 ـ يىلى يازغان «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسلىسى قانداق» دېگەن ماقالىسىدا 1896 ـ يىللا ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشىدىغان، يەتتە سىنىپلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك جەدىدچە مەكتەپنى «يوق» دېيىشكە تىلى بارمىغان بولاتتى. يۇقىرىقى باياندىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ يەنە بىر مەلۇمات «بۇ مەكتەپتە مۇساباييېفلارنىڭ راسخوتى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان شادى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىل ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ» دېگەن جۈملىلەردە كۆرۈلىدۇ. ھۆججەتلىك پاكىتقا ئاساسلانغان ھالدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ تۈركىيەگە ئابدۇراخمان شادى، مەسئۇد ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىل ئەپەندىلەرنى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنى چىقارغان ۋاقتى 1904 ـ يىلىدۇر. ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە چىقىش جەريانى مۇنداق:

ئىستانبولدا ئوقۇۋاتقان مەسۇم ئەپەندى ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئوسمانلى تىل ـ يېزىقىدا ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىدكە ئىلتىماس سۇنغان. ئىلتىماستا تۆت ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان. شۇ بويىچە ئابدۇراخمان شادى قاتارلىق تۆت ئوقۇغۇچى ئىستانبولغا ئوقۇشقا چىققان. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئوقۇشى 1913 ـ يىلى، باشقىلىرىنىڭ ئوقۇشى 1914 ـ يىلى تاماملىنىپ ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن پېداگوگىكا مەكتەپتە ئوقۇغان ئابدۇراخمان شادى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. تېببىي مەكتەپتە ئوقۇغان مەسئۇد سەبىرى «ئالتاي دوختۇرخانىسى» دېگەن نامدا دوختۇرخانا ئاچقان. «ئالتاي دوختۇرخانىسى» ئېچىش تەكلىپىنى ئۇنىڭغا 1913 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجىغا كېلىپ تۆت يىلغا يېقىن مائارىپچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان داڭلىق تاتار مائارىپچى ئابدۇللا بۇبى (1871 ــ 1922) بەرگەن. ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئانا ماكانى بولغان ئالتاينىڭ نامىنى قوللىنىشنى قارار قىلغان. ئابدۇراخمان شادى، مەسئۇد سەبىرىلەر تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ 1914 ـ يىلى ئۇدۇل قەشقەرگە كەلگەن. ئۇستۇنئاتۇش ئىكساقتا ئېچىلغان «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دە قىسقا مۇددەت دەرس ئۆتۈپ، ئاندىن غۇلجىغا

قايتىپ كەلگەن. بۇ ئىشلار ئەينى ۋاقىتتىكى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ مۇدىرى ئەھمەد كامالنىڭ كىتابىدا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. قىسقىسى، «جەننەت ماكان ــ ئىلى» دېگەن كىتابتا يېزىلغان يۇقىرىقى بىر ئابزاس مەلۇمات ھەم باھاۋۇدۇن باي 1870-يىللىرى غۇلجىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە دۇنياۋى ئىلىملەرنىڭ ئۆتۈلۈشىگە تۇرتكە بولغان دېگەن قاراش پۈتۈنلەي ئاساسسىز.

تۆتىنچى، جەدىدلىك مائارىپىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە شەكىللىنىش تارىخىنى بىلمەسلىك مەسىلىسى. روشەنكى جەدىدلىك (يېڭىلىق ھەرىكىتى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، بىزدە جەدىدچىلىك دەپمۇ ئېلىنىدۇ) ھەرىكىتى تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى رۇسىيەگە تەۋە قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى قىرىم تاتارلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى فىرانسىيەدە ئىككى يىل تۇرۇپ ياۋروپانىڭ ئىلغا مائارىپى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ كەلگەن ئىسمائىل غاسپىرالى (1851 ــ 1914) نىڭ باغچە ساراي شەھىرىدە 1883-يىلى «تەرجىمان» گېزىتىنى نەشر قىلىشى ۋە 1884-يىلى «ئۇسۇلى جەدىد» («ئۇسۇلى سەۋتىيە» مۇ دېيىلىدۇ) ئوقۇتۇش مېتودىنى سىناق قىلىشىنى باشلىنىش مەنبەسى قىلىدۇ. جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تېز ساۋات چىقىرىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولغاچقا قىرىمدىن باشقا قازان تاتارلىرى ۋە ئەزەربەيجانلىقلار ئارىسىدا تېز ئومۇملاشقان. ئەمما 1890-يىللاردا ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەنت، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك جېدىلى قاتتىق بولغان. 1909-يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشىدىكى كەسكىنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ «قەدىمچىلىك ۋە جەدىدچىلىك» دېگەن مۇھاكىمە ماقالىسىنى يېزىپ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 5-ئايدىكى سانلىرىدا ئېلان قىلغان.④

مەشھۇر پېداگوگ ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ غەيرىتى بىلەن باشلانغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى بارغانسېرى نوقۇل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىسلاھاتى بولۇشتىن ھالقىپ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەرىپەت ھەرىكىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە مەزمۇنىنىمۇ ئىسلاھ قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ جەرياندا قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك

تەرەپدارلىرى كەسكىن ئېلىشىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن. قەدىمچىلەر دىن نامى بىلەن ئىش كۆرۈپ جەدىدچىلىك ئىمانىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۈممەتلەرنى ئاداشتۇرىدۇ دەپ قارىغان. جەدىدچىلەر ياشاش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك، تەرەققىيات يوللىرىنى ئۆگەنمىسەك بىراقلا ھالاك بولىمىز دەپ قارىغان. ئومۇمەن كۈرەشنىڭ كەسكىنلىك دەرىجىسى بەك يۇقىرى بولغان. جەدىدچىلىك تەرەپدارلىرى ئاممىۋى ئاساسى ئاجىز يېڭى كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. شۇنداقتىمۇ يولىدىن قايتمىغان. جەدىدچىلەر 10 ـ 20 يىلدەك تىرىشىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئاساسنى مۇستەھكەملىگەن ھەم جەدىدلىك ھەرىكىتىنى تارىخىي ئېقىمغا ئايلاندۇرغان. ئانا دىيارىمىزدىمۇ جەدىدچىلىك بىلەن قەدىمچىلىك جېدىلى ئوخشاشلا ئۆتكۈر بولغان. مۇتەپەككۇر جەدىدچى ئابدۇقادىر داموللام (1870ـ1924) قەشقەردىن ئۈچ قېتىم چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەھمەد كامال چېقىمچىلىقتا ئۇچراپ قەشقەردە تۈرمىلەرگە قامالغان ھەم ۋەتىنىگە قايتۇرۇۋېتىلگەن. ئابدۇللا بۇبى غۇلجىدا تۇرالماي قازانغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قەشقەر، ئاتۇش ۋە غۇلجىدىكى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمگە ئوخشاش يەرلىك جەدىدچىلەر قەدىمىنى ئاستىلاتقان. ئۇيغۇر جەدىدلىك ھەرىكىتىگە ئۇل سالغان كاتتا شەخس ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلىش پوزىتسىيەسىدە پەرق ھەم مەلۇم ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. ھۈسەيىن باي ئېھتىياتچان بولۇۋالغان، باھاۋۇدۇن باي دادىل بولغان بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئاكىسىنىڭ رايىنى نەزەرگە ئېلىپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا زاماندىاش جەدىدچىلەرنىڭ خاتىرە ۋە شېئىرلىرىدا بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش دەرىجىسى نەزەرگە ئېلىنىپ باھاۋۇدۇن بايغا ئالاھىدە يۇقىرى باھالار بېرىلگەن. مەسىلەن، ئەھمەد كامال، ئابدۇللا بۇبى، ئادىل ھېكمەت بەي قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە⑤، شەمسىدىن داموللام ئۆز مەرسىيەسىدە باھاۋۇدۇن بايغا بەك يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇڭا، جەدىدچىلىك بىلەن قەدىمچىلىك تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ. كونىچە مائارىپتىن يېڭىچە مائارىپقا ئۆتۈش جەريانى ھەممىلا جايدا ئوخشاشلا مۇشەققەتلىك بولغان. چۈنكى «كونىچە مائارىپتىن يېڭىچە مائارىپقا ئۆتۈش ناھايىتى زور ئىسلاھات ھەرىكىتى بولۇپ، كونىلىق بىلەن

يېڭىلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، مەرىپەت بىلەن خۇراپاتلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك بىلەن مۇتەئەسسىپلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەسكىن ۋە تەكرار ئېلىشىشلار ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.⑥»

تارىخىي ئەمەلىيەت مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، «جەننەت ماكان ـــ ئىلى» نىڭ يېڭى مائارىپ تارىخى توغرىسىدىكى بابى ۋە ئۇنىڭغا مەنبە بولغان كۆپلىگەن ماقالىلەردە ئىلى ۋادىسىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە جەدىدچە مەكتەپلەر يۇقىرى ئاممىۋى قىزغىنلىق بىلەن توي بولغاندەك داغدۇغىلىق شەكىلدە ئەمەلگە ئاشقاندەك ھالەتتە يېزىلغان. كىشىنى ئۇيالدۇرۇپ قويىدىغان يېرى شۇكى، ئاپتورلارنىڭ بىلمەسلىكى ۋە ئەستايىدىلسىزلىقى سەۋەبىدىن ئىلى ۋادىسىدىكى جەدىدلىك مائارىپى (گەرچە پەننىي مەكتەپ ۋە پەننىي ئوقۇتۇش دېيىلگەن بولسىمۇ) مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئاسىيا قىتئەسىدە جەدىدلىك ھەرىكىتى باشلانماستا باشلانغان قىلىپ يېزىلغان. تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنى بىلىمىزكى، ياپونىيەدە 1860 ـ يىللىرى قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك (يېڭىلىق) تەرەپدارلىرى كەسكىن كۈرەش قىلىپ، ئاخىر قانلىق ئۇرۇش بولغان. نەتىجىدە 1868 ـ يىلى مېجى يېڭىلىققا كۆچۈش ئىسلاھاتىنى پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن ھۆكۈمەت ھەرىكىتى سۈپىتىدە يولغا قويغان. جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە 1890 ـ يىللاردا خەنزۇ مىللىتىنىڭ سەرخىللىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا بولغان تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، 1901 ـ يىلى «يېڭى سىياسەت» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ خىل مىللىي ئارزۇ ھۆكۈمەت ئىرادىسىگە ئايلانغان. نەتىجىدە يېڭىچە مائارىپ تۇشمۇ تۇشتىن يولغا قويۇلغان. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا 1884 ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويغاندىن، گېزىت چىقارغاندىن ۋە «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقاندىن كېيىن بارا ـ بارا جەدىدلىك ھەرىكىتى بىخلانغان. ئالدى بىلەن قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگ شەھەرلىرىدىكى تاتار ۋە باشقىرت مىللىتىنىڭ سەرخىللىرى ھەم ئەزەربەيجان زىيالىيلىرى ئاكتىپ ئىشتراك قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا بولغان قىزىقىش تولىمۇ تەستە شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ

مائارىپ جەھەتتىكى قالاقلىقىغا ئىچى سىقىلغان ئىسمائىل غاسپىرالى 1892 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىكى كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇسۇلى جەدىد (ئۇسۇلى سەۋتىيە) ئوقۇتۇش مېتودىنى يولغا قويۇش توغرۇلۇق چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستانغا بەلگىلىگەن گېنېرال گۇبېرناتور ئە. ب. ۋىرىۋىسكىيغا (يەنە بىر مەلۇماتتا روزنىباخقا دېيىلگەن) مۇراجەت قىلىپ مەكتۇب يازغان. ئۇ مەكتۇبىدا يەرلىك مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئادديىلاشتۇرۇش، ئالتە يىلدا باشلانغۇچ (ئىپتىدائىي) مەكتەپتە بېرىلىدىغان بىلىمنى تەگشەپ ئىككى يىلدا ئېلىپبە ئۆگىتىش، قالغان تۆت يىلدا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت بىلىملەرنى ھەم رۇس تىلىنى ئۆگىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم ئىلغار مەدرىسەلەرنى قايتا قۇرۇپ «ئالىي مەدرىسە» گە ئۆزگەرتىپ رۇس تىلى، رۇسىيە قانۇنلىرى ۋە پېداگوگىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەييارلاش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ ھەتتا مەكتۇبىدا ئۆزى تۇرۇشلۇق باغچە سارايدىكى «زەنجىرلى» مەدرىسەسىنى ئودېسسانىڭ سابىق گېنېرال گۇبېرناتورى خ. خ. راپپىنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا تەشكىللەپ، ئىلغارلاشتۇرۇپ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان «ئالىي مەدرىسە» گە ئايلاندۇرغانلىقىنى مىسال سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. تۈركىستاننىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق گېنېرال گۇبېرناتورى ۋىرىۋىسكىي ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ مەكتۇپىنى ئۆزگە مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان مىسسىيونېر ن. ئوستروموف بىلەن ك. پ. پابېدىناستسېۋگە بەرگەن. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان ۋىرىۋىسكىي ئىسمائىل غاسپىرالىغا جاۋاب خەت يېزىشنى ھاجەتسىز دەپ بىلگەن. بۇنداق بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدە سەۋەب بار ئىدى.

چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم ئۆلكىلىرىنى ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، 1867 ـ يىلى تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقىنى تەسىس قىلغان. گېنېرال ك. پ. كوۋفمان گۇبېرناتور بولغان. ئۇ يەرلىك ئاھالىنى رۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ن. ئى. ئىلمىنسكىي (1822 ـ 1891) نىڭ قازان تاتارلىرىنى رۇسلاشتۇرۇش تەجرىبىسىنى تۈركىستان رايونىدا تەتبىقلاش ئۈچۈن ئۇنى تاشكەنتكە تەكلىپ قىلغان. ئىلمىنسكىي ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىنى ناھايىتى مۇكەممەل بىلىدىغان، «بابۇرنامە» نى 35 يېشىدا رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ قازاندا نەشر قىلدۇرغان

تۈركلوگ ئىدى. ئۇ قازان دىنىي ئاكادېمىيەسىنىڭ پىروفېسسورى، تۈركىي خەلقلەرنى رۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىدىكى مائارىپ لايىھەسىنى تۈرغۇزۇپ چىققان، تاتارلارنى رۇسلاشتۇرۇشتا زور تەجرىبە توپلىغان مىسسىيونېر ئىدى. چارروسىيە مۇستەملىكە قىلغان تۈركىستان رايونىدا ئېچىلغان «رۇس-تۈرك» مەكتەپلەر ئىلمىنسكىينىڭ لايىھەسى ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىدى. چارروسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە قاراتقان مائارىپ سىياستى ناھايىتى ئېنىق ئىدى: ۋولگا دەرياسى بويلىرى، ئۇرال، كاۋكاز، قىرىمدىكى تۈركىي خەلقلەر مائارىپى پىروگراممىسىغا سىڭدۈرۈلگەن رۇسلاشتۇرۇش سىياستىنى تۈركىستان رايونىدىكى خەلقلەر مائارىپىغا تەدبىق قىلىش ئىدى. بۇ سىياسەت رۇسىيە مائارىپ ۋازارىتىنىڭ 1869-يىلىدىكى نىزامنامىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ نىزامنامە رۇس مىسسىيونېرلىرىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى ئىلمىنسكىينىڭ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىدى. بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى رۇسىيەنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسىدە يېڭى مائارىپ سىياستى يۈرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ سىياسەت توغرۇلۇق ئامېرىكىلىق جەدىدشۇناس دوكتۇر ئەدىب خالىد «ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىدچىلىك» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «مۇستەملىكە مەمۇرىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام قانۇنى، ئەمىر-مەرۇپلارغا ئەمەل قىلىشلىرىنى مەنئىي قىلمىدى. كونا مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ پائالىيىتىگە توسالغۇ بولمىدى. ئەكسىچە، ئېتىبار قىلمىدى. مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئېتىبارىدىن چەتتە قالغانلىقى ۋە دۆلەت ياردىمىدىن مەھرۇم بولغانلىقى، ۋەخپە مۈلۈكلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلەر قولىغا ئۆتكەنلىكى باش ھۆكۈمەت نەزىرىدىن ھەم قالدى. ھۆكۈمەت يەرلىك خەلقنى ‹رۇس-تۈرك› مەكتەپلىرىگە جەلپ قىلىش ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. چۈنكى بۇ مەكتەپلەردە يەرلىك باللار ۋە رۇس باللىرى بىرلىكتە تەلىم ئالاتتى. يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىگە ئوخشىتىش ئاسان ئىدى، بۇ ئارقىلىق چارروسىيەگە سادىق يەرلىك قاتلام تەشكىل قىلىش مۇمكىن بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن گېنېرال گۇبېرناتور كوۋفمان مائارىپ تۈزۈمىنىڭ باش مەقستى، دىنىي ئېتىقادى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رۇسىيە ئۈچۈن پايدىلىق بولغان پۇقرالارنى تەربىيەلەش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.»

بېنجامىن. س. لېۋىينىڭ «شىنجاڭ مائارىپى» ناملىق ماقالىسىدىكى باياندىن قارىغاندا

«1884-يىلىدىن كېيىن، رۇس تىلىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتى ئاتالمىش ‹رۇس-تۈرك› مەكتەپلىرىنى ئاچقان. بۇ مەكتەپلەردە يېرىم كۈن رۇسچە ئۆگىنىش، يېرىم كۈن ئەنئەنىۋى مەكتەپلەردىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىش يولغا قويۇلغان. بىراق بۇ مەكتەپلەر بەك كۆپ ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەن.⑦»

ـ J) d' V+ t' T6 Z3 @تۈركىستان گۇبېرناتورى ۋىرىۋېسكېي ئىسمائىل غاسپىرالىغا جاۋاب خەت يازمىغاندىن كېيىن ئۇ پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرۇۋەرمەي، مەقسىتىگە يەتمىگىچە بولدى قىلمايدىغان غايىلىك كىشىلەردە بولىدىغان روھ بويىچە دادىل ئىش كۆرۈپ، 1893-يىلى چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاشكەنتكە كەلگەن. ئۇ يەردىن سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا بارغان. سەمەرقەنتتە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان تاتار مىليونېر غەنىباي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. سەمەرقەنتتىكى مېھماندارچىلىقلاردا تەبىئىي ھالدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە سۆھبەت بولغان. نەتىجىدە ئىسمائىل غاسپىرالى سىناق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان. مىليونېر غەنىباي خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولغان، ئىسمائىل غاسپىرالى ئېلىپبە ۋە ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارغان باكۇلۇق ئوقۇتقۇچى سۇلتان مەجىد غەنىزاتىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن سەمەرقەنت شەھىرىدىن 30 غا يېقىن بالىنى يىغىپ بىر سىنىپ قىلىپ ئوقۇش باشلىغان. ئېلىپبە ئۆتۈلۈپ 40 كۈنگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنىڭ ساۋاتى چىققان. سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇشقان. تاشكەنتلىكلەر ھەتتا بالىلارنىڭ ساۋاتىنى ناھايىتى تېز چىقارغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەكتەپنى «ماشىنا مەكتەپ» دەپ ئاتاشقان. بۇ مەكتەپنىڭ داڭقى ئەتراپقا تارقالغان. مەكتەپنىڭ داۋرىڭى چاررۇسىيە مەمۇرى بولغان مائارىپ باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن بۇ مەكتەپنى قانۇنسىز دەپ دەرھال تاقىغان. بەزى يەرلىك مۇتەئەسسىپ روھانىلارمۇ تەتۈر شامال چىقارغان. قازان شەھىرىدە تۇرىدىغان مۇستەملىكىچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك ن. ئى. ئىلمىنسكىي ئۆزىنىڭ تۈركىستاندا ئىش بېجىرىدىغان مەسلەكدىشى ك. پ. پابېدىناستىسېۋگە يوللىغان مەكتۇبىدا مۇنداق كۆرسەتمە بەرگەن: «ئالىملاردىن ۋە ئۆتە بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاگاھ بولۇڭلار.

ئەدەپلىك ۋە ۋۇجۇدى بىلەن دىنغا بېرىلگەن ئاددىي ئادەملەرگە قارىغاندا ئۇلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىڭلار. رۇس بىلىمنى ئۆگەنمىگەن، رۇسلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەن يەرلىك ئادەملەر بىز ئۈچۈن رۇسچە بىلىم ئالغان تاتارغا قارىغاندا ياخشىراق. يامىنى ئۇنى-بۇنى بىلىۋالغانلار، ئەڭ يامىنى ئۇنىۋېرسىتېت تەربىيەسى كۆرگەن كىشىلەردۇر. بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ئادەملەر رۇس تىلىنى ياخشى بىلمەسلىكىدىن قىزىرىدىغان، ئانچە-مۇنچە خاتا يازىدىغان، گۇبېرناتوردىنلا ئەمەس، ئاددىي مەمۇرلىرىمىزدىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.»" S *? p7 L5 "^ :^ .R h9 ,G/ ]

دېمەك، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئارزۇسى مانا مۇشۇنداق ياۋۇز مۇستەملىكىچى سىياسەت ۋە يەرلىك قاشاڭ ئاق-ئىدىيە ئىگىلىرى تەرىپىدىن يوققا چىقىرىلغان. ئەمما، بۇ چاغدا ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ھەپتىدە بىر سان چىقىشقا ئۆزگەرتىلگەن «تەرجىمان» گېزىتى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە كەڭ تارقالغان. ئىلغارلىققا مايىل، ئەمەلىيەتچى، يىراقنى كۆرەر ياشلار «تەرجىمان» گېزىتىدىكى ئاكتۇئال سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، مىللىي ۋە دىنىي خەۋەر، مۇلاھىزىلەرنى ئوقۇپ بارا-بارا جەدىدىزملىق ئاڭغا ئىگە بولغان⑧.

ئىسمائىل غاسپىرالى «تەرجىمان» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئىش ئىلىم ۋە مائارىپ ئىشىدۇر. ئەڭ مۇقەددەس ئىنتىلىش ئىلىمگە، مائارىپقا ئىنتىلىشتۇر. چۈنكى ئىنساننى ئىنسان قىلغان مېھنەت ۋە بىلىمدۇر. بىلىم مەدەنىي تۇرمۇشقا يېتىش ۋاستىسىدۇر. مەدەنىي تۇرمۇش بولسا ئىنسانىنىڭ ياشاش مەقسىتى ۋە ئۇسۇلىدۇر.» قالاقلىق، نادانلىق ئاسارىتىدە ۋىجدانى پۇچۇلانغان ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ بۇ خىتابلارنى ھاياجانلانماي ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1897-يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلىپ مەھمۇد خوجا بەھبۇدى (1874 ــ 1919) بىلەن كۆرۈشكەن. دەل مۇشۇ مەھمۇد خوجا بەھبۇدى ئارىدىن ئون يىللار ئۆتكەندە، يەنى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدچىلەرنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان. شۇ ئۇچرىشىشتا 46 ياشقا كىرگەن ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن 23 ياشقا كىرگەن مەھمۇد خوجا بەھبۇدى ئوتتۇرىسىدا

ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. بەرچىناي جۇدايىۋانىڭ «ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدلىك ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ 1898 ـ يىلى قوقەنتتە موللا سالاھىدىن ئەپەندى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. يەنە بىر ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە، 1900 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سالاھىدىن ئەپەندى دەپ ئاتىلىدىغان تاتار مۇئەللىم قوقانتلىق ئەلى ئەسقەر ئەپەندىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ مەكتەپ ئاچقان ھەم ئۇسۇلى سەۋتىيە بىلەن بالىلارنى ئوقۇتۇشنى باشلىغان. ئالتە ئاي توشقاندا جامائەت ئالدىدا بالىلاردىن ئىمتىھان ئالغان. جامائەت 8 ـ 9 ياشلاردىكى بالىلارنىڭ خەت يېزىشنى، كىتاب ئوقۇشنى، ھېساب ئىشلەشنى، جۇغراپىيە ۋە تارىخقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ھەم قىرائەت قىلىشنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشۈپ ھەيران قېلىشقان. ئابدۇقادىر شۈكۈرى 1901 ـ يىلى ئاتايىن بۇخارادىن كېلىپ بۇ مەكتەپ بىلەن تونۇشۇپ كەتكەن. ئومۇمەن، چار رۇسىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان تۈركىستان رايونىدا، جۈملىدىن تاشكەنتتە ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشى تاتار مۇئەللىملەرنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. يەرلىك خەلق تاتار مۇئەللىملەر قوللانغان جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى دەسلەپتە «نوغايچە ئوقۇتۇش» دەپ ئاتاشقان. بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى 1900 ـ يىلى تاشكەنتكە كەلگەن بىر تاتار مۇئەللىم بەش ياغاچ دەرۋازىسىدىكى «نوغاي مەھەللىسى» دە قوللانغان. ئۆزبېكلەر كۆرۈپ ھەيران قالغان. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى باشقا نەرسە ئەمەس بەلكى، تاتارچە ئېلىپبەنى قارا تۇنىكە تاختىغا بور بىلەن يازدۇرۇپ ئوقۇتۇش ھەم ئانچە ـ مۇنچە ھېساب ئۆگىتىش ئىدى. بۇ «نوغايچە ئوقۇتۇش» ئىدى. تۈركىستان گۇبېرناتورلىقى تېررىتورىيەسىدە تۇنجى بولۇپ جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان مەشھۇر ئۆزبېك جەدىدچى مۇنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخاندۇر. ئۇ 1901 ـ يىلى يەرلىكلەردىن تۇنجى بولۇپ تاشكەنت شەھىرىدە جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان. ئارقىدىنلا توقماق شەھىرىدە ئۇسۇلى جەدىد ئوقۇتۇش مېتودىنى قوللانغان بىر مەكتەپ، ئەنجاندا شەمسىدىن داموللا ئاچقان بىر مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. 1903 ـ يىلى سەمەرقەندتە ئابدۇقادىر شۈكۈرى ۋە مەھمۇد خوجا بەھبۇدىيلار تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان. شۇنداق قىلىپ جەدىدچە مەكتەپلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان. ئارقىدىنلا

گېزىت-ژۇرناللار نەشر قىلىنغان. دەرسلىكلەر تۈزۈلگەن. جەمئىيەتلەر قۇرۇلغان. مەھمۇد خوجا بەھبۇدى، ئابدۇقادىر شۈكۈرى، مۇنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇللا ئەۋلانى، سەدىردىن ئەينى، ھەمزە ھەكىمزادە، ئەبەيدۇللا خوجا، ئابدۇرەئۇف پىترەت، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى، پەيزۇللا خوجا، ئوسمان خوجا، چولپان قاتارلىق داڭلىق جەدىدچىلەر ئوخشاشمىغان ساھەلەر بويىچە باشلامچىلىق قىلغان، پىداكارلىق كۆرسەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە جەدىدىلىك ھەرىكىتىنىڭ جانلىنىشى مۇستەملىكىچى چار پادىشاھ دائىرىلىرىنى ئەندىشىگە سالغان، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە پىروگراممىسىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەسى تۈركىي خەلقلەر تەپەككۇرىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاب ئىدى. بۇنداق تەپەككۇر ئىنقىلابىنىڭ ئاقىۋىتى چارىزمغا پايدىسىز دەپ قارىغان چار پادىشاھ دائىرىلىرى، جەدىدىزىم ھەرىكىتىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك قەبىھ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن ھەم مۇتەئەسسىپ دىن پېشۋالىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئىچكى ئىختىلاپنى كۈچەيتكەن. بولۇپمۇ جەدىدچە مەكتەپلەرنى تاقاش، بولمىغاندا ئۆلارنىڭ ئومۇملىششىغا توسالغۇ پەيدا قىلىش، شۇ ئارقىلىق بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى توختىتىشقا ئۇرۇنغان.

دېمەك، تۈركىي خەلقلەر ھاياتىدا جەدىدچىلىك ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەن مەركەز قىرىمنىڭ باغچە ساراي شەھىرى ئىدى. ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن شەخس موسكۋادا ئوقۇغان، فىرانسىيەدە ئىككى يىل ئۆگەنگەن داڭلىق زىيالىي ئىسمائىل غاسپىرالى ئىدى. بارلىققا كەلگەن ۋاقتى 1884-يىلى ئىدى. بۇ بارلىق جەدىدىشۇناسلار ئېتىراپ قىلغان ئورتاق قاراش ئىدى. پەقەت بىزلا بۇ ھەقىقەتنى ئۆگەنمىگەن ئىدۇق. شۇڭا يىلنامىلەرنى خالىغانچە قوللىنىپ، جەريانىنى خالىغانچە بايان قىلىپ، سەۋەبىنى خالىغانچە توقۇپ جەدىدىلىك ھەرىكىتىنى گويا بىز باشلىغاندەك تەرىزدە يېزىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە، جەدىدىلىك ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ ماقالە-ئەسلىمىلىرىدە بايان قىلىنغىنىدەك ئۇنداق ئادەتتىكى ھەرىكەت ئەمەس ئىدى. مائارىپتىكى زور ئىسلاھات ھېسابلىنىدىغان جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە تەربىيەلەنگەن ئوقۇتقۇچى بولمىغان شارائىتتا كونا

مەكتەپلەرنىڭ خەلپەتلىرىگە تايىنىپلا بۇنداق مەكتەپنى ھەرگىز ئاچقىلى بولمايتتى.

ئۇنداقتا ئىلى ۋادىسىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان؟ شۈبھىسىزكى، قىرىمدىن تارقىغان جەدىدلىك مەشئىلىنىڭ ئۇچقۇنلىرى تاتارىستان، ئۇرال، ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە جەدىدچە مائارىپنىڭ ئوچاقلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەندەك، ئانا دىيارىمىزدىكى ئاتۇش، غۇلجا، چۆچەكتىن⑨ ئىبارەت ئۈچ يۇرتتا ئوخشاش مەزگىلدە جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئانا دىيارىمىزدىمۇ خۇددى باشقا جايلاردىكىدەك تەرەققىيپەرۋەر بايلارنىڭ ۋە ئىلغارلىقتا ئىنتىلىدىغان زىيالىيلارنىڭ رولى چوڭ بولغان.

تاتارىستانلىق ئاكادېمىك مىرقاسىم گوسمانوف (ئوسمانوف) نىڭ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» ناملىق ماقالىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قازانلىق ۋەلىشاھ غالىئەكبەرېى دېگەن بىرەيلەن «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1899-يىلى 10-دېكابىردىكى سانىغا بىر خەۋەر يازغان. خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھۈسەيىن مۇسابايېۋ 1898-يىلىدا «ئۇسۇلى سەۋتىيە» مېتودىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ ئورېنبۇرگ شەھىرىدىكى جەدىدچە تاتار مەدرىسەسىگە ئابدۇلكەرىم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇر كىشىنى ئەۋەتكەن. مانا شۇ كىشى ئورېنبۇرگدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ «ئۇسۇلى سەۋتىيە» بويىچە تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، شۇ كۈنلەردە غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بۇ خەۋەرنى يازغان ۋەلىشاھ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1900-يىلى 16-يانۋار كۈنىدىكى سانىدا يەنە ماقالە يېزىپ ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ ئىشىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ھۈسەيىن مۇسابايېۋ يەنە بىر كىشىنى ــ ھاجى سوپى ئوغلى مەسۇم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇرنى جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن باغچە ساراي شەھىرىگە ئەۋەتكەن. ئەنە شۇ مەسۇم ئەپەندى قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. «تەرجىمان» گېزىتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلىپ تۇرغان («تەرجىمان» 1902-يىلى 3-ئاۋغۇست).

مىرقاسىم گوسمانوفنىڭ ماقالىسىدىكى بۇ بايان بىزگە مەسۇم ئەپەندى قىرىمغا بارغاندا

قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغانلىقىدەك مۇھىم ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ. قەشقەردىكى جەدىدچە مەكتەپ ئابدۇلكەرىم (كېرەم) ئەپەندى ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە 1899ـ يىلى كۈزدە جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نى كۆرستىدۇ⑩. غۇلجىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنى كىملەر ئاچقان بولۇشى مۇمكىن؟ يۇقىرىقى بايانىدا كۆرستىلگەنىدەك «ھۈسەيىن باينىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى» ئاساسىدا ئېچىلغانمۇ ياكى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رۇسىيەلىك تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇلار تەرىپىدىن ئېچىلغانمۇ ۋە ياكى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم تەرىپىدىن 1895ـ يىلى ئېچىلغانمۇ؟ مېنىڭچە ئالدى بىلەن ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم 1895ـ يىلى ياركەنتتىكى ئابدۇراخمان داموللا دېگەن تاتار كىشىدىن جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىپ غۇلجىدا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان، دېگەن قاراشنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ قاراشتا مەن باشتا ئېيتقاندەك مەلۇم دەرىجىدە ئاساس بار. لېكىن بۇ ئاساس بۇ قاراشنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرۇشىغا يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە بۇ قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىسىز گۇمانلىق ئىككى نۇقتا بار: (1) ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمنىڭ غۇلجىدا دىنىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئېلىپ كىرگەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان قاراش بولسىمۇ مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ماقالىسىدا «1895ـ يىلى» دېگەن يىلنامىنى دەلىل ـ پاكىتسىز ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور بۇ ماقالىسىنى 1984ـ يىلى يازغان. ئارىدا 90 يىل ۋاقىت بار، شۇڭا يىلنامىنى بايان قىلغاندا ئىشەنچلىك دەلىل، ئىسپات بولمىسا، ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. خاتا كېتىپ قېلىش ئەھۋالى ھەر زامان مەۋجۇت. مەسىلەن، مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىمۇ يىلنامىغا ئالاقىدار مۇنداق بىر روشەن خاتالىق كۆرۈلگەن. «1910ـ يىلى كەشفۇلئەسرار داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاتارلار ‹نوغاي مەكتىپى› دەپ مەكتەپ ۋە بىر قىرائەتخانا ئاچقان.» بۇ بايانىدا ئىككى خاتالىق كۆرۈلگەن: بىرى، 1910ـ يىلى ئەمەس 1914ـ يىلى دېيىلگەن بولسا توغرا بولاتتى. يەنە بىرى، كەشفۇلئەسرار داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەمەس، ئابدۇللا بۇبىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دېيىلگەن بولسا توغرا بولاتتى. (2) مۇرات ھەمرايىيېف بىلەن

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ماقالىلىرىدىكى ئۇچۇرلار ياركەنتنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنىڭ 1895 ـ يىلى ئۇ دەرىجىدە ئۇستۈن ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

بۇ قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىلىق مۇنداق ئىككى ئامىل بار: (1) «ئاتىمىز مەرھۇم ئابدۇمۇتائالى كامالى (خەلپەم) ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرى» دېگەن ئۇچۇرنى يازغان مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپىتىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق، مۆتىۋەر كىشىدۇر. ئۇ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى يازغان بولۇپ، ئىشەنچىلىكلىك دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى. (2) ياركەنت شەھىرىدە ھەققەتەن ئابدۇراخمان داموللام دېگەن كىشىنىڭ بىر مەزگىل تۇرغانلىقى توغرا بايان قىلىنغان. ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرىسىدە ئابدۇراخمان داموللىنىڭ ياركەنتتە ياشىغانلىقىغا ئائىت بىر ئۇچۇر بار. ئابدۇللا بوبى بۇ ئۇچۇرنى 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى غۇلجىغا كېلىپ، تاتارلارنىڭ قىزلار مەكتىپى بىلەن ئوغۇللار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلاپ بىرمەر ئاي ئۆتمەي تۇرۇپ، غۇلجىدىكى رۇسىيە كونسۇلى تاتارلار ئۇچۇن ئاقساقاللىققا تەيىنلىگەن فازىلجان ئاقساقال دېگەن كىشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا بايان قىلغان. ئۇ خاتىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدىن بۇرۇن، بىزدىن مۇساپايىفلارغا مۇئەللىم بولۇپ كەلگەن ئابدۇلمۇتەللىپ ئىلكايىفنىمۇ فازىلجان ئەپەندى يولغا سېلىۋەتكەن ئىكەن. مېنىمۇ ئۇ، ئابدۇلمۇتەللىپنى يولغا سېلىۋەتكەندەك يولغا سېلىۋەتمەكچى ئىكەن. لېكىن ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمىدى.»، «ئۇنىڭ پۈتۈن مەقستى ھەركىمنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشتۇر. ئۆزىگە بېقىنمىغان، ئۆزىدىن پازىل بىر ئادەمنى ھەرۋاقىت بار كۈچى بىلەن بوزەك قىلىشقا، يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدۇ. ياركەنتتىكى داموللا ئابدۇرەھماننىمۇ ئۇ خاراب قىلغان. پىتنە توقۇپ ئىناۋىتىنى تۆككەن.»

بۇ ئۇچۇردىن بىز ئابدۇراخمان داموللىنىڭ ياركەنتتە قاچان تۇرغانلىقىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز.

قىسقىسى، ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ئىلىدا ئۇسۇلى جەدىد ئوقۇتۇشىنى يولغا قويغان پېشۋا مائارىپچىلاردىن بىرى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، پاكىت يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئاساس كۈچلۈك

بولمىغاچقا تۇنجى جەدىدچى دېگەن ئاتاققا نائىل بولالمايدۇ. مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن ئىنكار قىلىشنىڭ ئاساسلىرى تەكشۈرۈلمىگەن قالغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچلۈك ئاساس ياكى ھۆججەتلىك پاكىتلار ئوتتۇرىغا چىققاندا، چوقۇمكى، بۇ ئىككى تەكشۈرۈش قاراشنىڭ بىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

ئىلىدا مۇنتىزىم يېڭى مائارىپنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى بىر قەدەر كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغان قاراش مەسئۇم ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن.

مەسئۇم ئەپەندى دېگەن ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ھازىرقى كىشىلەرگە ئانچە تونۇش ئەمەس. لېكىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بۇ ئادەم ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىدىكى تۆھپىسى ئەڭ زور پېشۋا مائارىپچىلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇر جەدىدىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولغان ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار رۇسىيەدىكى تاتار شەھەرلىرىدە سودا قىلىش جەريانىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەڭ بالدۇر تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن 1898-يىلى ئاتۇشتىن كېرەم ئەپەندىنى ئۈرۈمبۈرگقا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1902-يىلى 3-ئاۋغۇستتىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەردىن بىز ھاجى سوپى ئوغلى مەسئۇم ئەپەندىنىڭ جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن ھۈسەيىن مۇساباييېف تەرىپىدىن باغچە ساراي شەھىرىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئەنە شۇ مەسئۇم ئەپەندىنىڭ مۇخبىرغا قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە توققۇز جەدىدچە مەكتەپ دائىمي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى بىلىمىز. مەسئۇم ئەپەندى باغچە سارايغا بارغاندىن كېيىن مۆتىۋەر جەدىدچى ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن كۆرۈشكەن. ئىسمائىل غاسپىرالى ئۇنىڭغا يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈركىيەگە بېرىپ ئوقۇش تەكلىپىنى بەرگەن. چۈنكى بۇ يىللاردا تۈركىيەدە ياۋروپاچە مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلىپ يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە يۇكسەلگەن. مەسئۇم ئەپەندى ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ تەكلىپى بىلەن باغچە سارايدىن 1902-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش مەقسىتىدە تۈركىيەگە بارغان. مەسئۇم ئەپەندى تۈركىيەگە بارغاندىن كېيىن 1884-يىلى مەھمەت نادىر بەي

تەرىپىدىن قۇرۇلغان «نەمۇنە تەرەققىي مەكتىپى» دە ئوقۇش ئۈچۈن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مائارىپ باش نازارىتىگە ئىلتىماس سۇنغان. ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى كۆرگەن مائارىپ نازىرى جەلالىددىن سۇلتانلىق باش كاتىپىغا تۆۋەندىكىچە ئىلتىماس سۇنغان:

مائارىپ باش نازارىتىدىن سۇلتانلىق باش كاتىپىغا:

غۇلجىدا «مەكتىپى ھۈسەينىيە» مۇئەللىمى بولۇپ، چىندىكى ئىسلام مەكتىپىدە ئۆگەنگەن ۋە كۆرگەن ئىلمىنى ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئىسلامنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللايلاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سۇلتانلىقىمىزغا ئەۋەتىلگەن مەسۇم ئەپەندىنىڭ «نەمۇنە تەرەققىي مەكتىپى» گە ئىلتىجا قىلغان ئىلتىماسى ماڭا كەلدى. مەزكۇرنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئۇسۇلدا ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن، تېخىمۇ مۇۋاپىق باشقا بىر مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ھەققىدە پەرمان قىلىپ 1318-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈندىكى 1929-نومۇرلۇق مەخسۇس بۇيرۇق بىلەن مەزكۇرنى خەلىپىلىكىمىزگە تەۋە مەخسۇس مۇئەللىم يېتىشتۈرىدىغان «دارىلمۇئەللىمىن» گە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەلىپىلىكىمىزنىڭ «مەكتەبى مۈلكىيە(11)» دىمۇ ئوقۇشىغا سۇلتانىمىز ئەمىر قىلسا. ھىجرى 1320-يىلى جەمادىيەل ئاخىرنىڭ 27 سى

(1902-يىلى 9-ئاينىڭ 31-كۈنى)

مائارىپ نازىرى جەلالىددىن

بۇ قىممەتلىك تارىخىي ئۈچۈردىن بىز مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار غۇلجىدا ئاچقان جەدىدچە مەكتەپ ـــ «مەكتىپى ھۈسەينىيە» نىڭ مۇئەللىمى ئىكەنلىكىنى، «تەرجىمان» گېزىتىدىكى خەۋەردە ئېيتىلغاندەك «جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن» باغچە سارايغا ئوقۇشقا بارغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئۇنداقتا، «مەكتىپى ھۈسەينىيە» قاچان ئېچىلغان؟ بۇ سوئالغا ئېنىق بىر نىمە دېمەك تەس. كېرەم ئەپەندى توغرۇلۇق «تەرجىمان» گېزىتىگە بېسىلغان خەۋەردىكى «غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن» دېگەن ئۈچۈرغا ئاساسلىنىپ، بەلكىم ئۇرېنبۇرگدا بىر يىل تۇرۇپ جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودىنى پىششىق ئۆگىنىپ كەلگەن كېرەم ئەپەندى غۇلجىدا مەسۇم ئەپەندىگە ئوخشاش

بىر نەچچە ياشقا ئۆزى ئۆگىنىپ كەلگەن جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۆگەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز. چۈنكى ئۇسۇلى جەدىد مېتودى ئەنئەنىۋى مائارىپ ئۈچۈن زور يېڭىلىق ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، ئۆگىنىۋېلىش ئۈنچىۋالا تەس مېتود ئەمەس ئىدى. بۇ كونىچە مەكتەپلەردىكى بوغۇمنى بوغۇمغا قوشۇپ يادلاپ ساۋاد چىقىرىدىغان قىيىن ئۇسۇل، يەنى «ئۇسۇلى ھىجا» مېتودىنىڭ ئورنىغا، تاۋۇشلارنى تونۇش ۋە قوشۇپ ئوقۇش ئارقىلىق ساۋاد چىقىرىدىغان «ئۇسۇلى سەۋتىيە» مېتودىنى كۆرسەتتى. بۇ مېتودنى 1810-يىللىرى گېرمانىيەلىك پېداگوگ يوھان فرېدرىخ ھېربېرت (Johann Friedrich Herbart، 1776 ــ1841) ياراتقانىدى. ئەلۋەتتە، جەدىدچە مائارىپ ئۇقۇمى ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودى بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودى ئۇسۇلى جەدىد مېتودى ئىچىدىكى بىر مۇھىم ئۇسۇل ئىدى. يەنى تېز ساۋات چىقىرىش مېتودى ئىدى. ئەينى يىللاردا كونىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار 5-6 يىل ئوقۇپمۇ كۆپىنچىسى يېزىشنى ئۆگىنەلمەيتتى. ئەمما ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودىنى قوللىنىپ يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. بۇ شۇ يىللاردا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ھەيران قالارلىق يېڭىلىق ھېسابلانغاچقا، ھەر قېتىملىق ئىمتىھان يۇرت جامائىتىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ئېلىنىپ كۆرسىتىلگەن. بۇنداق قىلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. دېمەك، مەسۇم ئەپەندى بەلكىم كېرەم ئەپەندىدىن ئۆگەنگەن بولۇشى ئېھتىمال دېيىشىمىزدىكى سەۋەب مۇشۇ. نېمە ئۈچۈن مەسۇم ئەپەندى كېرەم ئەپەندىدىن ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن دەيمىز دېگەندە، كېرەم ئەپەندىنى ئۇرېنبۇرگقا باشقا بىرى ئەمەس، ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. مەسۇم ئەپەندى باشقا بىرىنىڭ ئەمەس ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار غۇلجىدا ئاچقان «مەكتىپى ھۇسەينىيە» نىڭ مۇئەللىمى. بۇ مۇناسىۋەتمۇ بىزنىڭ پەرىزىمىزنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىدۇ.

- مەسۇم ئەپەندى تۈركىيەدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ كەلگەندىن كېيىن ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار غۇلجىدا مەخسۇس يېتىم باللار ئۈچۈن ئاچقان «يېتىملار مەكتىپى» دىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇنى بىز تۈركىيەدە چىقىدىغان «سىراتىل مۇستەقىم» دېگەن گېزىتنىڭ 1909-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان خەۋەردىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ گېزىتتە يېزىلىشىچە ئىسمائىل غاسپىرالى 1909-يىلى

تۈركىيەدە ئېچىلغان، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مائارىپ ۋەزىرى ئەھمەد مىتھاد ئەپەندى قاتناشقان بىر يىغىندا مەسۇم ئەپەندىنىڭ غۇلجىدا يېڭى مەكتەپ ئوقۇتۇشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلغان. ئەشرەپ ئەدىب بەي بۇ دوكلاتنى خەۋەرگە ئايلاندۇرۇپ ھىجرىيە 1327-يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 19-كۈنىدىكى «سىراتىل مۇستەقىم» گېزىتىدە ئېلان قىلغان.

ئۇنداقتا، ئىلىدا تاتارلار كۆپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى سەۋتىيە بويىچە تەسىر كۆرسىتىشنى نەزەرگە ئالامدۇق - يوق؟ ئۇلار تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەن بولسىچۇ؟ دېگەندەك سوئاللار ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل سوئاللارغا بۇنداق مۇمكىنچىلىكنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن تاتارلارنىڭ غۇلجىدا جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشى 1900-يىللىرى باشلانغان بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشىدەك جانلىق بولمىغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئىككى پاكىتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىرى، «سىراتىل مۇستەقىم» گېزىتىگە بېسىلغان يۇقىرىقى خەۋەردە «باشقا جەھەتتىن چىن مۇسۇلمانلىرى تېخىمۇ بالدۇر ھەرىكەت قىلماقتا» دېگەن جۈملە ئارقىلىق ئاكا-ئۇكا مۇسابايېۋ ۋە مەسۇم ئەپەندى قاتارلىق ئىلى جەدىدچىلىرىنىڭ جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش جەھەتتىكى ئاكتىپ پائالىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئىككىنچى، بۇ خەۋەردىكى «چىن مۇسۇلمانلىرى» ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدىكى ئىلى تاتارلىرى تەۋەلىك جەھەتتىن رۇسىيە پۇقرالىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئىلىدىكى رۇس كونسۇلى باشقۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى فازىلجان ئاقساقال دېگەن كىشى ئىدى. يەنە بىر پاكىت، ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇ خاتىرىسىدە 1913-يىلى غۇلجىغا ئايالى ھۆسنۇفاتىمەنى ئېلىپ تاتارلار ئاچقان ئوغۇللار ۋە قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا كەلگەن چاغدىكى تەسىراتىنى مۇنداق يازغان: «مەن كەلگەن يىلى ئوغۇللار مەكتىپىدە تۆت سىنىپقا بىر مۇئەللىم باركەن. قىزلار مەكتىپىدە بىرمۇ مۇئەللىمە يوقكەن. مەن كەلگەندىن كېيىن سالاھىددىن ئەپەندىنى ئەكەلدۇردۇم. يۈسۈپ قارى، سالاھىددىن ۋە مەن ئۈچ مۇئەللىم بولدۇق. قىزلار مەكتىپىگە ھۆسنۇفاتىمە، يېنىغا ئابدۇللا مۇھسىنىنىڭ خوتۇنىنى ئەكەلگەنىدى. لېكىن مۇئەللىملىككە يارىمىغاچقا قايتۇرۇۋەتتۇق، تۆت سىنىپتىكى قىزلارنى ھۆسنۇفاتىمە ئۆزى يالغۇز ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. مەنمۇ

بىرئاز ياردەم قىلدىم.»

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غۇلجىدىكى تاتارلار 1913 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى جەھەتتە مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق تارتقان. ناۋادا ئۇلار غۇلجىدا 1899 ـ يىلى مەكتەپ ئاچقان بولسا، 10 يىللار ئۆتكەندىكى تەرەققىياتى بۇ ھالەتتە بولمىغان بولاتتى. 1913 ـ يىلىغىچە ئۆزلىرىگە يارامىلىق مۇئەللىم تاپالماي تۇرغان غۇلجا تاتارلىرىنىڭ مەسئۇم ئەپەندىگە ئوخشاش 1899 ـ يىلىلا مائارىپچىلىق ھاياتىنى باشلىغان مۇئەللىمگە ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودىنى ئۆگەتكەن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، مەن ئىلىدا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ــ «مەكتىپى ھۇسەينىيە» 1899 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ئېچىلغان، بۇ مەكتەپكە 1898 ـ يىلى ئورېنبۇرگقا بېرىپ ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودىنى ئۆگىنىپ كەلگەن كېرەم ئەپەندى ئۇلگە كۆرسىتىپ دەرس ئۆتۈپ بېرىپ، مەسئۇم ئەپەندى قاتارلىق تۇنجى جەدىدچى مۇئەللىملەرنى تەربىيەلىگەن دەپ قارايمەن. كېرەم ئەپەندى قەشقەرگە بىكاردىن بىكار غۇلجا ئارقىلىق قايتمىغان بولسا كېرەك. بۇ مەنتىقىي خۇلاسە، مەسئۇم ئەپەندىنىڭ ئىلى مائارىپىدىكى تۇنجى جەدىدچى ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قارايدىغان بولساق، مەسئۇم ئەپەندىنىڭ ئىسمى ئىلىدىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك يازمىلاردا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، مەسئۇم ئەپەندىنى ماقالىسىدا تىلغا ئالغان كىشى نەسىردىن ناسىرىدۇر. مەن ماقالەمنىڭ باش قىسمىدا «قىممەتلىك ئۇچۇرلار بار» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن «ئىلىنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن ماقالىدا نەسىردىن ناسىرى مەسئۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئالتە قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇ ماقالىسىدا غۇلجىدىن تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىققانلارنى سانىغاندا باشتا مەسئۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئاتىغان. ئۇ ماقالىسىدا يەنە مۇنداق يازغان: «مەسئۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، جىرجىس ھاجى قاتارلىقلار ئىلى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يېنىدا ئىلىم ـ بىلىم دەرنەك مەكتىپى ئېچىپ، شەھەردىكى باللاردىن 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى يىغىپ يەنىي بىلىملەرنى ئوقۇتتى. بۇ مەكتەپ ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.» نەسىردىن ناسىرى ئەپەندى بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار توغرۇلۇق توختالغاندا «غاپپار پالتايوف، ھەسىنىم

پالتايوف، ئابدۇللا لوندون، ھەسەن شاگىخەي، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، مەقسۇت ھاجىم قاتارلىقلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەشھۇر بىلىم ئىگىلىرى، سودا ـ سانائەتنىڭ ماھىر يېتەكچىلىرى ۋە يېڭى ئىلىم ـ مەرىپەت تارقاتقۇچىلاردىن بولۇپ قالغانىدى» دەپ يازغان.

ئەلۋەتتە، مەسۇم ئەپەندىنىڭ جەدىدچە ئوقۇتۇش پائالىيىتى توسالغۇسىز بولمىغان. نەسىردىن ناسىرى ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە بۇ جەھەتتىكى كۈرەش گەۋدىلىك بولغان. بۇنى بىز تۆۋەندىكى بايانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز: «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن ئەپەندىلىرىمىز ياكى دىنىي ئۆلىمالىرىمىز بولسۇن خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، بەزى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ، ياش ئوغول ـ قىزلىرىمىزنىڭ پەننىي ئۆگىنىش، ناخشا ئېيتىش، تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشتەك يېڭىلىق ئىشلىرىغا قارشى چىقتى. مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەر يەنە: ‹جەدىدچىلەر كۆپىيىپ كەتتى، دىنىي ئوقۇشىمىزغا زىيان سالدى، تالىپلار دىنىي تاشلاپ جەدىدچىلەرگە ئەگىشىپ كەتتى› دېيىشىپ مەسۇم ئەپەندىنى دەرنەكنى يېپىشقا قىستىدى. مەسۇم ئەپەندى يۇرت مۆتىۋەرى ھەم پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، مەرىپەت ساھەسىدىكى مەسلىكىدىن يانمىدى، بەلكى خەلققە، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن مەدەنىيەت لازىملىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ باردى. كۆپلىگەن ئىلغار زات ۋە ئۆلىمالار مەسۇم ئەپەندىنى قوللاشتى. شۇڭا دەرنەك مەكتەپ ئۆزۈلمىگەچە مەۋجۇت بولۇپ، خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىدى. شۇ چاغدا ئىسمائىل خەلپەت بۇ مەكتەپ ھەققىدە مۇنداق بىر غەزەل ئوقۇپ يۈرگەنىدى:

بۇ مەكتەپ بېغىدا ئېچىلدى گۈل، ئەترە، رەيھان،

ئىلى شەھرىنى خۇشبۇي ھىدى قىلدى خاسىيەتلىك دەۋران.»

ئومۇمەن، مەسۇم ئەپەندىنىڭ نامى 1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مائارىپ ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى ماقالىلاردا ئۇچرايدۇ. 1934 ـ يىلىدىن باشلانغان غۇلجىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىدا بۇ كىشىنىڭ نامى پەقەت تىلغا ئېلىنمايدۇ. قارىغاندا، ئۆمرى ئاخىرلاشقان بولسا كېرەك.

مەسۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئابدۇللا بۇبى ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق تىلغا ئالغان: «غۇلجىدا

ئېچىلغان ھۆكۈمەت مەكتىپىدە بىر ـ ئىككى يىل ئىشلىگەن بىر ياپون بولۇپ، ئىنقىلاپ ۋاقتىدا مەكتەپلەر تاقالغاندىن كېيىن، رۇسىيە ئارقىلىق لوندونغا كەتمەكچى بولغان ئىكەن. لېكىن، تاشكەنتتە، ‹ياپون جاسۇسى› دەپ قاراپ، رۇسلار تۇتۇۋېلىپ، ئۇن ئاي ساقچى نازارىتىدە تۇرغان ۋە ئاخىرى يەنە غۇلجىغا ئەكىلىپ تاشلىغانىكەن. ھازىر بۇ يەردە تۈركىيەدە ئوقۇپ قايتقان مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ.»

ئابدۇللا بوبى خاتىرىسىدە بۇ ئۇچۇرنى 1913 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى بىر ئىشقا باغلاپ يازغان. بۇ ئۇچۇردىكى ئىنقىلاب 1911 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجىدا يۈز بەرگەن «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى» نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياپون ئىلىدىكى ياپونىيەدە ئوقۇپ كەلگەن ئوفىتسېر ياڭ زەنشۇ باشقۇرىدىغان يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەشكە تەكلىپ قىلىنغان بولسا كېرەك. N7 d" a5 j; W) h1 @5 Q 0[ "i5 O 0 خۇلاسىلىگەندە، مەسۇم ئەپەندى دېگەن بۇ ئادەم خىيالىي ئويدۇرما ئەمەس. ئۇ ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرى باشلانغان چاغدىكى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا كېيىنكىلەر ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. نەسىردىن ناسىرنىڭ ماقالىسىدىكى بايانلارمۇ كىشلەرنىڭ دىققىتىنى دېگەندەك قوزغىيالمىغان. 1910 ـ ۋە 1920 ـ يىللاردا ئىلىدا تېخىمۇ يېتىشكەن زىيالىيلار ۋە جەدىدچە ئوقۇتۇشقا ماھىر مۇئەللىملەر بارلىققا كەلگەچكە مەسۇم ئەپەندى گەۋدىلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى ئىزدىنىشلىرىم ۋە قاراشلىرىم مۇشۇ. مەن بۇ ئىزدىنىشلىرىمنى ئاخىرقى چەك، بۇ قاراشلىرىمنى ئاخىرقى يەكۈن دەپ تۇرۇۋالمايمەن. بۇ تېما ھەممىمىز ئۈچۈن ئوچۇق، پەقەت ئىزدىنىش ئۇسۇلىمىز ئىلمىي تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى، قاراشلىرىمىز پاكىتلىق، لوگىكىلىق بولۇشى شەرت! بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاساسسىز قاراشلارنى «جەننەت ماكان ــ ئىلى» دېگەن كىتابچىلاردىكى ئوخشاش تەكرارلاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىدىغانلىغا ئەمدى ھېچقانداق باھانىمىز يوق. بۇ تېمىدىكى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە سەل قاراش ئىلمىي پوزىتسىيە جەھەتتىكى بىپەرۋالىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. پاكىتنى ھۆرمەت قىلىش، تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈننى قوبۇل قىلىش ئىلمىي ساپاغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

مەنبە ۋە ئىزاھات:

① مۇراد ھەمرايېف: «دەۋر سەھىپىلىرى» (ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى توغرىسىدا)، قازاقىستان، ئالماتا. 1972-يىلى نەشرى (كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب)، 9-بەت.

② پ. م. ھەمرايېۋ تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خرېستوماتىيا»، (11-سىنىپلار ئۈچۈن)، ئالماتا مەكتەپ نەشرىياتى، 2002-يىلى نەشرى، 49-بەت.

③ س. د. فورسىيس: «س. د. فورسىيس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ 1873-يىلى يەكەنگە قىلغان زىيارىتى ھەققىدە دوكلات يەكەن ئەمرى ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ تارىخى ھەم جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى»، تاشقى ئالاقە نەشرىياتى، ھىندىستان كالكۇتتا، 1974-يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى، 87-، 88-بەت. (فورسىيس يەكەن دېگەندە قەشقەرىيەنى نەزەردە تۇتقان.)،

④ «ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ پىكرىي ئەسەرلىرى»، تۈركىيە «ئۆتۈكەن» نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى، تۈركچە، 273-، 286-بەتلەر.

⑤ ئەھمەد كامالنىڭ «چىن - تۈركىستان خاتىرلىرى. شاڭخەي خاتىرلىرى» دېگەن خاتىرىسى 1997-يىلى، ئادىل ھېكمەت بەيىنىڭ «ئاسىيادا بەش تۈرك» دېگەن خاتىرىسى 1999-يىلى تۈركىيەدىكى ئۆتۈكەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرلىرى 1913-يىلى تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ 1917-يىلى غۇلجىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان جەرياننى ئەسلىمە شەكلىدە يازغان خاتىرە بولۇپ، تاتارىستاندىكى ئارخىپتا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدىن تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە شەھرىدە دوكتۇرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ۋەتەندىشىمىز ئۆمەرجان نۇرى تەرىپىدىن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان.

.⑥ «ئۆمىد يۇلتۇزى» (غۇلجا شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب)، 2001-يىلى بېسىپ تارقىتىلغان. 244-بەت.

⑦ بېنجامىن . س. لېۋىي: «شىنجاڭ مائارىپى: 1884-1928»، بۇ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى بولۇپ، 2006-يىلى ئامېرىكا ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى مەركىزى ياۋروپا-ئاسىيا

تەتقىقاتى فاكۇلتېتىغا ئۆتۈپ تاپشۇرۇلغان. بۇ ماقالىدىكى شىنجاڭ جەدىدچىلىك مائارىپى 1980-يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردىكى بايانلار ئاساسىدا يېزىلغان. ئاپتور ماتېرىياللارنى تەنقىدىي نەزەر بىلەن تەكشۈرۈپ باقمىغاچقا بەك كۆپ ئىلمىي خاتالىقلارغا يول قويغان.

⑧ يالقۇن روزى: «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىلى 1-سانى.

⑨ مالىك چانىشىف (تاتار) ئەپەندى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2009-يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو تاتار مائارىپى تارىخى» ناملىق كىتابىدا «چۆچەك شەھىرىدە تۇنجى ئۇسۇلى جەدىدچە تاتار مەكتىپى 1910-يىللاردا ئېچىلغان» (74-بەت) دەپ يازغانىدى. ئەينى زاماندا چۆچەكتە ياشىغان تاتار تارىخچى قۇربان ۋەلىدى خالىد 1905-يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تاۋارىخى خەمسەئى شەرقى» ناملىق كىتابىنىڭ 751-بېتىدە «چۆچەكتە تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ 1899-يىلى 15-دېكابىردا ئېچىلغان» دەپ يازغان. مەن قۇربان ۋەلىدى خالىد ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى ئۇچۇرنى ئىشەنچلىك دەپ قارايمەن.

⑩ يالقۇن روزى: «لاي قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» دېگەن ماقالىگە قاراڭ. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلى نەشرى.

⑪ «مەكتەبى مۈلكىيە» 1856-يىلى قۇرۇلغان هاكىم ۋە مەمۇرىي باشلىق يېتىشتۈرىدىغان مەمۇرىشۇناسلىق مەكتىپى. كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي بىلىملەر فاكۇلتېتى بولغان

## بېيجىڭدا ياشىماق ئاسان ئەمەس

(مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتور ـ رىياسەتچىسى ، مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم بىلەن بېيجىڭ ئاساسىي تېما قىلىنغان سۆھبەت خاتىرىسى)



تەھرىر ئىلاۋىسى: بېيجىڭدا ياشاۋاتقان تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ، ئاخبارات ـ نەشرىيات ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن قان ـ تەر تۆكۈپ ، تەڭرىتاغ باغرىدىكى قېرىنداشلىرىغا چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلماقتا . نەچچە ئون يىللار مابەينىدە يۇرت ـ ماكانىدىن ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ ، پايتەختتەخىزمەت قىلدى ، تۇرمۇش كەچۈردى . گەرچە ئۇلار يىراقتا ياشاۋاتقان بولسىمۇ تەڭرىتاغ باغرىدىكى قېرىنداشلىرىنى ھەر دائىم يادىدا تۇتتى . تەڭرىتاغ باغرىدىكى قېرىنداشلارمۇ پايتەختتە ياشاۋاتقان ئاشۇ تۆھپىكارلارغا ئانا يۇرتىنىڭ ئىزگۈ تىلەكلىرىنى يوللاپ تۇردى . پايتەختتىكى قېرىنداشلىرىمىز جاپالىق ئەجرى بىلەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ۋەتەن ۋە ئانا يۇرتىنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاپ كەلدى . پايتەختىمىز بېيجىڭدا ياشاپ ، خىزمەت قىلىۋاتقان تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىگە ئائىت ئۇچۇرلاردىن ۋاقىپلىنىش تەڭرىتاغ باغرىدىكى قېرىنداشلارنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى . بىز بۇ قېتىم مەركىزىي خەلق رادىيو

ئىستانسىسىنىڭ دىكتور ـ رىياسەتچىسى، مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم بىلەن بېيجىڭ ئاساسىي تېما قىلىنغان سۆھبەتنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.



مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتور ـ رىياسەتچىسى، مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

مۇخبىر: ئابدۇرۇسۇل، سىز بېيجىڭدا ياشاپ خىزمەت قىلىۋاتقىنىڭىزغا ئون يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇزۇن يىلدىن بېرى دىكتورلۇق، رىياسەتچىلىك، مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا تالاي ئاڭلىغۇچىلار قەلبىگە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇردىڭىز. جۈملىدىن بىزمۇ سىزنىڭ ئىخلاسمەن ئاڭلىغۇچىلىرىڭىزدىن بىرى. سىزنىڭ ھايات پائالىيىتىڭىزگە بىزلا ئەمەس، نۇرغۇن ئاڭلىغۇچىلىرىڭىز بەكمۇ قىزىقىدۇ، دەپ قارايمىز. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىڭىز ۋە قانداق بولۇپ بېيجىڭدا خىزمەت قىلغانلىقىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: مەن 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1996 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. مەن كىچىكىمدىن ئاخبارات كەسپىگە تولىمۇ قىزىقاتتىم. 93 ـ يىللىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسى «ئۆسمۈرلۈك چاغلار» پروگراممىسىنىڭ ئۆسمۈر مۇخبىرى، ئۆسمۈر رىياسەتچىسى بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۆسمۈر دوستلارنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن خەۋەرلەرنى رادىيودا ئاڭلىتىش بىلەن

ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرىنىڭ بىرگە ئايلانغان ئىدىم. 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «تارىم غۇنچىلىرى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىكى ئاتاقلىق 8 مۇخبىر ۋە 17 نەپەر ئۆسمۈر مۇخبىردىن تەشكىللەنگەن زىيارەت ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە بېيجىڭغا باردىم. بۇ قېتىمقى پايتەخت سەپىرىدە بېيجىڭدىكى نۇرغۇن جايلاردا زىيارەتتە بولدۇق. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى... قاتارلىق دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىنى كۆردۇق. ئەنە شۇ چاغدىلا مېنىڭ سەبىي قەلبىمدە: بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئاكا ـ ھەدىلىرىمىز نېمە دېگەن بەختلىك ـ ھە؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى، ئاۋازى ئارقىلىق خەلقىمىزنى تەربىيىلەيدىكەن. مەنمۇ چوڭ بولغاندا مۇشۇنداق بىر يەردە ئىشلەپ قالسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ دېگەن ئارزۇ شەكىللەنگەن ئىدى. ئەنە شۇ ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن كېيىنكى ئارزۇغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى تاللىغان ئىدىم. 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بولغان بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا ئاخباراتقا دائىر بىلىملەرنى ئوبدان ئۆگەندىم. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا پراكتىكا قىلدىم. مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغان ۋاقىتتا، تەلىيىم كېلىپ مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدىن پەرھات يۇسۇپ، ئايشەم ھۇشۇر قاتارلىق ئۇستازلىرىمىز ئۈرۈمچىگە خادىم قوبۇل قىلغىلى كەلگەن ئىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىم ۋە ئۇستازلىرىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا پراكتىكا قىلىپ يۈرۈپ كەسپتە ئوبدانلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئىدىم. شۇنداق بولغاچقىمۇ مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئالغان كەسپ ئىمتىھانىدىن نەچچە يۈز بالىنىڭ ئىچىدە ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتۈم. شۇنىڭ بىلەن، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئېلىمىزدىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىگە قەدەم باستىم.




مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتور ـ رىياسەتچىسى، مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

مۇخبىر: سىز شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپنى تاماملاپ بېيجىڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىۋېتىپسىز، بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن بېيجىڭ ھەققىدە قانداق تەسىراتلارغا ئىگە بولدىڭىز؟ تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىڭىز؟ بۇ قىيىنچىلىقلارنى قانداق يەڭدىڭىز؟

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: بېيجىڭ ئېلىمىزنىڭ پايتەختى، شۇنداقلا دۇنياغا داڭلىق خەلقئارالىق شەھەر. ماتېرىياللاردىن بىلىشىمچە، بېيجىڭ دۇنياغا داڭلىق ئون چوڭ شەھەر، ئۈندىن باشقا قەدىمىي قۇرۇلۇش، ئاساره ـ ئەتىقە قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مۇكەممەل ساقلاپ قالغان دۇنياغا داڭلىق ئون شەھەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. مەن 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پايتەخت بېيجىڭغا كېلىپ، ئىستانسىمىزغا تىزىملاتقان كۈندىن باشلاپ تۇرمۇشۇمدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. مەن ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان، ئۈنىڭ ئۇستىدە ئۆيدىن ئايرىلىپ ئوقۇپ باقمىغان ئىدىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىللەردىمۇ ئۆيگە قايتىپ، مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغان، ئاش ـ تاماقنى ئۆيدىكىلەر تەييار قىلىپ بېرەتتى. بىر ئوغۇل بولغاچقا كىيىم ـ كېچەك، ئىشتان ـ پايپاقلىرىمنى ئىككى سىڭلىم يۇيۇپ بېرەتتى. ئۆي ئىشلىرىغا گەپنىڭ ئۇچۇقى بەكلا خام ئىدىم. بۇ يەرگە كېلىپ ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشقا توغرا كەلدى. تاماق ئېتىشنى ئۆگەندىم، كىر يۇيۇشنى ئۆگەندىم، ئىقتىسادنى قانداق

باشقۇرۇشنى ئۆگەندىم. خىزمەتداشلار بىلەن، دوستلار بىلەن، چوڭلار بىلەن قانداق ئۆتۈشنى ئۆگەندىم. تۇرمۇش دېگەن بەك چوڭ مەكتەپكەن. تۇرمۇشنى ئالدىغا سىلىپ ماڭالىغان ئادەمنى مانا ھەقىقىي ئادەم دېسە بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. مەمەتجان راشىدىن ئاكىنىڭ «ھايات دېگەن ئەنە شۇ» دېگەن ناخشىسىدىكى «نەدە ئۇنىڭ تەڭپۇڭى» دېگەن گەپكە تولىمۇ چىنپۇتىمەن. ئەمدى بىر ئىشنى قىلىپ ئۇھ دەپ تۇرسا يەنە بىر ئىش چىققان، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماپتۇ، ۋاقىتنى جايىدا تۇتالمايتۇ.... ھازىر شۇ ۋاقىتلاردىكى ئىشلارنى ئەسلىسەم ئادەم ھەرگىزمۇ كىتاب ئوقۇپسىلا ھېساب ئەمەسكەن، ئادەم چوقۇم ئەتراپىدا، رىيال تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ھەر قانداق مەسىلىگە تەييار تۇرۇشنى، ئۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىشى كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىمەن. تۇرمۇشنىڭ تىزگىنىنى ياخشى تۇتۇپ مېڭىش-ھەممە ئىشلارنىڭ ئاساسى دېگەن خىيال ھازىرمۇ كاللامدا يىتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بېيجىڭ ھەقىقەتەن چوڭ، بېيجىڭدا بىر ئىشنى بىجىرىش ئۈچۈن چوقۇم بىر كۈن ۋاقىت ئاجراتمىسىڭىز بولمايدۇ. شەھەرنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە بارغىچە نەچچە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مەيلى مەكتەپ، مەيلى كۇتۇپخانا، مەيلى مېترو، مەيلى ئىدارە-جەمئىيەت بولسۇن، ھەممىلا يەرنىڭ بىر خىل ئۆگىنىش مۇھىتى، قىزغىنلىق بىلەن تولغانلىقىنى ھىس قىلدىم. مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە بېرىلگەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە ئوقۇشقا، بىلىم ئېلىشقا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بىرلا نىشانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئالالىدىم. كۇتۇپخانىلاردا 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ئادەملەر توپى بەس-بەستە كىتاب سېتىۋالىدۇ. مەن بەزى كىشىلەرنىڭ ھارۋا-ھارۋىلاپ كىتاب سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، بۇنچە كۆپ كىتابنى سېتىۋېلىپ نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ قانداق ئوقۇپ بولىدىغاندۇ؟ دەپ ھەيران قالغان. بېيجىڭ كىشىلىرىنىڭ بىلىمگە، كىتابقا بولغان ئىنتىلىشى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇندىن باشقا، خىزمەت جەھەتتە مەن يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا مەن ئۇرۇمچىدە چوڭ بولغان، خەنزۇچە سەۋىيەم ياخشى، دەپ تېرەمگە سىغماي يۈرەتتىم. بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئويۇمنىڭ خاتالىقىنى ھىس قىلدىم. ئىشخانىدا قىلغان تەرجىمىلىرىم ئۇستازلارنىڭ قەلىمىدە

قىپقىزىل بويۇلۇپ كېتەتتى، خەنزۇ كەسىپداشلار بىلەن بولغان ھەر خىل تېمىلاردىكى سۆھبەتلەردە مەقسەت مۇددىئايىمنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن زىيادە زورۇقۇپ كېتەتتىم. مەقسەتنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەي نەچچە قېتىم يەرگە قاراپ قالغان ئىدىم. ئىشقىلىپ بىرى تۇرمۇش مەسىلىسى، يەنە بىرى خىزمەتنى قانداق قىلىش مەسىلىسى، يەنە بىرى بېيجىڭدىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەھەردە تىل ئۆتكىلىدىن ياخشى ئۆتۈپ ياشاش مەسىلىسى مېنى ئۇزۇن يىللارغىچە قىينىغان ئىدى. مەن ھازىرمۇ خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كىتاب ئوقۇيمەن، خەنزۇچە ئۆگىنىمەن. قاراپ باقسام ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر تولىمۇ كۆپكەن.

بېيجىڭدا توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرى نىسبەتەن ئاز، ئۆگىنىمەن دەيدىغان ئادەمگە ۋاقىت كەڭتاشا، گەپ شۇ ئادەمنىڭ شۇ ۋاقىتنى تۇتالىشىدا. ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىسىگە كەلسەك، بېيجىڭدا تاماق مەسىلىسى بىر چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلە گەرچە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا بىر ئاز ياخشى بولسىمۇ يەنىلا بىر چوڭ مەسىلە. بېيجىڭدا ساناقلىق ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى بار. بەزىدە بىر تەخسە لەغمەن يېيىش ئۈچۈن پالان پۇل غەجلەپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ، تاماقنى يەپ بولۇپ قايتىپ كېلىمىز. توي ـ تۆكۈن يىلدا كۆپ بولغاندا ئالتە ـ يەتتە قېتىم، بولمىسا بىر ئىككى قېتىم بولىدۇ. توينى قايسى رېستۇراندا قىلىش مەسىلىسمۇ بىر مەسىلە. بېيجىڭدا ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئىشلەيدىغان ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ مۇسۇلمانچە ئاشخانىلىرى تەسىس قىلىنىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەر ھالدا ياخشى ھەل بولدى.

خىزمەت ۋە تۇرمۇشنى دەپ پايتەختتە ئىشلىگەن ئىكەنمىز چوقۇم نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك، دەيدىغان خىيال نۇرغۇن ياشلىرىمىزدا مەۋجۇت، دەپ قارايمەن. ھەممە ئىش ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىكەن. قىيىنچىلىقنى بۇ بىر پۈتلىكاشاڭ، بۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپ كەينىگە داجىيىدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. بۇنى يەڭگىلى بولىدۇ، بۇ ھايات مۇساپەمىدىكى نۇرغۇن داۋان، نۇرغۇن مۇشكۈلچىلىكلەرگە نىسبەتەن ھېچنىمە ئەمەس، دەپ ئۇنىڭغا

دادىل يۈزلىنىدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. مەن ياش دوستلىرىمىزنىڭ ئىككىنچى پوزىتسىيىدە بولۇشنى ۋە ئۆز كەسپىدە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بېيجىڭدا يۇگۇرۇپ چىقسىڭىز يۈرتىمىزدىكىدەك ئۇنداق ئېسىل تائاملار يوق، بايام دېگەندەك ئېسىل تائام يېيىش ئۈچۈن خېلى قاتراپ باقىدىغان گەپ، بېيجىڭدا تازا بېرىپ ئەركىلىۋالاي، يوقلاپ كېلەي دېسىڭىز سىزنى باغرىغا باسىدىغان ئاتا-ئانىڭىز يوق، سىزنىڭ ئېغىرچىلىقىڭىزنى يىنىكلىدىغان، شەنبە-يەكشەنبە، ھېيت-ئايەم كۈنلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ھال-مۇڭ قىلىشىدىغان ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭىز يوق. بۇ يەردە پەقەت سىز قىلىۋاتقان خىزمەت، خىزمەتداشلار ۋە مۇشۇ يەردە ئىشلەپ قالغان كىشلەردىن تەشكىللەنگەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار. ئادەم دېگەننىڭ خۇي پەيلى، مىجەزى كۈندە ئوخشاش بولمايدۇ، ئادەم دېگەن نۇرغۇن ئېھتىياجىنىڭ قورشاۋىدا ياشايدۇ. مانا مۇشۇنداق قۇربانلىقلارنى بېرىپ دۆلىتىمىزنىڭ پايتەختىدە ياشاۋاتىمىز. نىمشقا؟

مەن بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقىلى 11 يىل بوپتۇ، مېنىڭ 11 يىللىق تەسراتىم شۇكى، بېيجىڭدا رىقابەت بەك كەسكىن، ھايات رېتىمى بەك تېز، ھەممىلا يەر ئۆگىنىش مۇھىتى بىلەن تولغان. بۇنداق رىقابەت، ھايات رېتىمى بىزگە ئوخشاش ھەم خەنزۇ تىلى ھەم ئۇيغۇر تىلىنى تەڭ قوللىنىدىغان، ئۇيغۇر ئاڭلىغۇچىلار، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورۇنلارغا قارىغاندا باشقا ئىدارە-ئورگان، چوڭ كارخانا-شىركەتلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك. دائىم ھەر قايسى ئىدارە-ئورگان، شىركەتلەردە خىزمەت قىلىدىغان دوستلار بىلەن جەم بولغاندا ئۇلار بۇ ھەقتە خېلى تەسىرلىك سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ نېگىزى: تىرىشىش، قاتتىق تىرىشىش كېرەك. شۇ چاغدىلا رىقابەتتە ئۇتۇپ چىققىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بىزنىڭ مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنى مىسالغا ئالساق، ئايدا نەچچە قېتىم ئىستانسىسا خىزمەتچىلىرىگە تۈرلۈك تېمىلاردا لىكسىيە سۆزلىنىپ تۇرىدۇ، داڭلىق ئالىملار، مۇتەخەسسىلەر، يازغۇچىلار، دوختۇرلار، خەلقئارالىق ۋەزىيەت تەتقىقاتچىلىرى كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق قاراشلار ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەيدۇ. خىزمەتچىلەر كىرىپ ئاڭلايدۇ. بېيجىڭدا يەنە ئارام ئالغاچ كىتاب كۆرىدىغان ئورۇنلارمۇ كۆپ، سىز بىكار ۋاقىتلىرىڭىزدا بۇ جايلاردا كىرىپ

كىتاب كۆرسىتىز بولىدۇ، پەقەت چاي پۇلىلا ئالىدۇ. سىز يەنە كىتاب ئارىيەت ئالالايسىز. ئۇلار ئايدا بىر داڭلىق ئالىمنى تەكلىپ قىلىپ لېكسىيە ئۇيۇشتۇرىدۇ. لېكسىيە ئادەتتە ھەپتىنىڭ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. سىزگە ئېلخەت ياكى يانفون ئۇچۇرى ئارقىلىق خەۋەر بېرىدۇ، ئاڭلىغۇڭىز بولسا 20 يۈەن تۆلەپ، ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان ئالىمنىڭ لېكسىيەسىنى 2ـ3 سائەت ئاڭلىيالايسىز. ئىشقىلىپ بېيجىڭ ئۆگىنىمەن، نەتىجە قازىنىمەن، ھاياتىمنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىمەن، دېگەن ئادەمگە نىسبەتەن بىر چوڭ سەھنە ھېسابلىنىدۇ.




مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتور ـ رىياسەتچىسى، مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم ۋە باشقا مىللەتتىكى خىزمەتداشلار بىرگە

مۇخبىر: بېيجىڭدا ياشاش جەريانىدا بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن كۆپ ئۇچراشتىڭىز، خىزمەت ۋەجىدىن ئۇلار بىلەن تۈرلۈك مەزمۇنلاردا سۆھبەت، مۇلاقەتتە بولدىڭىز. شۇڭا سىزنىڭ پايتەختتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدە چوڭقۇر تەسراتىڭىز بار. بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەسراتلىرىڭىز، ئويلىغانلىرىڭىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، خىزمىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يېڭى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بېيجىڭغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن نۇرغۇنلىغان تىجارەتچىلەر كېلىپ، بۇ يەردە

تىجارەت قىلىپ، پۇل تېپىپ يۇرتىنى گۈللەندۈرگەن. بەزىلەر ھەتتا مۇشۇ يەردە داۋاملىق قېلىپ ۋە بېيجىڭدىن باشقا ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە ھالال تىجارەت قىلىپ، ھەر قايسى يەرلەرنىڭ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ناملىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. مانا مۇشۇنداق نۇرغۇن تىجارەتچىلەر بېيجىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى، يەرلىك ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆزىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر تۆھپىسىنى قوشۇپ، جۇڭگودىكى باشقا ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئاز ساندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر نامدا ئاشخانا ئېچىش، ئەمەلىيەتتە خىروئىن سودىسى قىلىش، دىيارىمىزدىكى كىچىك باللارنى ئالداپ ئېلىپ كېلىپ ئوغرلىققا سېلىش قاتارلىق ناچار قىلمىشلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزدى. بۇنىڭ تەسىرىدە ئەزەلدىن تەشۋىقات-ئاخباراتقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بېيجىڭدىكى ھەر ساھە كىشلىرى ئۇلارنىڭ بۇ قانۇنغا خىلاپ، ناتوغرا قىلمىشلىرىدىن ئەپسۇسلاندى ۋە سورۇنلاردا ئاشكارا تەنقىدلىدى. كېيىن، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت بېيجىڭ شەھىرىدە قانۇنسىز ئىش پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشلەرنى قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. لېكىن، «بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەندەك ئەنە شۇ ئاز ساندىكى كىشلەرنىڭ قىلىپ قويغان ناتوغرا ئىشلىرى كاساپىتىدىن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بېيجىڭدا ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇۋاتقان ۋە مۇشۇ يەردە تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە چېلىقارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان داڭلىق زىيالى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە گەپ-سۆزلەردە بىلىپ بىلمەي زەرەر يەتكۈزۈپ قويىدىغان، ئۇيغۇر مىللىتىنى باشقىچە چۈشىنىدىغان، باشقىچە قارايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولدى. بېيجىڭدىكى كۆپ ساندىكى كىشلەر بۇنىڭغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلسىمۇ، ئاز ساندىكى كىشلەر بۇلۇپمۇ بىر قىسىم تاكسى شوپۇرلىرى بۇ ئىشلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلماي، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ھەم ئالىمى ھەم يارىماس ئادىمى بولىدىغانلىقىدەك ئومۇمىي ھەقىقەتنى بايقىيالماي، گەپ سۆزدە ئۇلارنىڭ غورورىدىغا تېگىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلدى. كېيىن تەشۋىقات ئورۇنلىرىنىڭ مىللەت ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى، ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇنىڭ جۇڭخۇا ئېلىگە قوشقان تۆھپىسى ۋە زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئالىملارنى تەدرىجى تونۇشتۇرۇشى قاتارلىق ئىجابىي

تەشۋىقاتلىرى ئۇيغۇرلار، شۇنىڭدەك بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان چۈشىنىش بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قۇرامىغا يەتمىگەن شىنجاڭلىق باللارنى قايتۇرۇپ كېلىش ھەرىكىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشلەر بۇ باللارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس باشقىلارنىڭ ئالداپ ئېزىقتۇرۇشى ۋە تۈرلۈك ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. دەسلىۋىدىلا بۇ مەسىلىلەرنى سۆزلىشمىدىكى سەۋەپ بېيجىڭدا ھازىر شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىگە قوشۇۋاتقان تۆھپىسىنى چۈشىنىدىغان ئاما تەدرىجى كۆپەيدى، شۇنداقتىمۇ بېيجىڭ خەلقىگە شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە ئۇيغۇرلارغا دائىر تەشۋىقاتنى تېخىمۇ كۆپەيتىش، ئۇيغۇلارنىڭ جۇڭخۇا ئېلىگە قوشقان تۆھپىسىنى تېخىمۇ تونۇتۇش، جۇڭگودا ياشاۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنى ئېتىقادى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان داڭلىق تارىخىي شەخسلەر، زامانىمىزدىكى داڭلىق كىشلەرنى خەنزۇ قاتارلىق ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇرۇش، باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنى ئېتىقادىنى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇش ـ ئىناق جەمئىيەت تەكتىلىنىۋاتقان، مەدەنىيەتتە زور تەرەققىيات، زور گۈللىنىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، تولىمۇ زۆرۈر، دەپ ھېسابلايمەن. مانا، خەير ـ ساخاۋەت ئىگىسى ئالىمجان ئاخبارات ۋاستىلىرىدا تونۇشتۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى پۈتۈن ئەل بىلىپ كەتتى، شىنجاڭدا، ئىچكىرىسىدە ھالال تىجارەت قىلىپ كاۋاپ سېتىۋاتقان كاۋاپچىلار ئۇنىڭغا قايىل بولدى ۋە خۇرسەن بولدى. مەن بېيجىڭدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلدىم، زىيارەت تۈگىگەندىن كېيىن كۆپىنچىسىنىڭ گېپى مۇشۇ تېمىغا مەركەزلىشىپ قالىدۇ. بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار بۇ يەردە بىر مىللەتكە ۋاكالىتەن ئىشلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭ، جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. بۇ يەرگە جۇڭگودىكى داڭلىق ئىقتىساسلىقلار يىغىلغان، چوڭ خەلقئارالىق شەھەر بولغانلىقى، **200** دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ ئەلچىخانىلىرى بېيجىڭدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بۇ جەھەتكە ئاجايىپ دىققەت قىلىدۇ.

هازىر بېيجىڭدە تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار ئىلگىرى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنى مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن: بېيجىڭدىكى دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقان ئۇيغۇرلار، دۆلەتنىڭ ھەر قايسى مۇھىم ئىدارە ئورگانلىرىدا، ئالىي پەن ـ تەتقىقات، تەشۋىقات، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار، بېيجىڭدا ئاشخانا ئېچىش، مۇە ـ چىۋە سودىسى، قاشتېشى سودىسى قىلىش قاتارلىق تىجارەتلەر بىلەن ئۆزۈن يىل شۇغۇللىنىپ بېيجىڭدا تۇرىۋاتقان ئۇيغۇرلار، ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى بىلەن چوڭ ـ چوڭ، داڭلىق رېستورانلاردا ئىشلەۋاتقان، سەنئەتچىلەرنى تەشكىللەپ ئويۇن قويىدىغان چوڭ ـ چوڭ شىركەتلەردە ئىشلەۋاتقان سەنئەتچىلەر، ئالىي مەكتەپلەردە دوكتۇرلۇق، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىپ، بېيجىڭدا قېلىپ دۆلەتنىڭ چوڭ شىركەت ـ كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار، بېيجىڭدە ياكى ئىچكىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ھەم چەتئەللەردە ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ ئەلچىخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار، ئاخىرىدا بېيجىڭدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت.

مەن رادىيو ئىستانسىسىدا خىزمەت قىلغان 11 يىل جەريانىدا بېيجىڭدىكى ھەر ساھە ئۇيغۇرلىرىنى كۆپرەك زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ھەر قېتىم مەيلى قايسى ساھەدىكى ئۇيغۇرنى زىيارەت قىلاي ئۇلارنىڭ ماڭا تەسىر قىلغان ئەڭ مۇھىم يېرى ئۇلار مىللەتنىڭ ئوبرازىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نۇرغۇن ئۆزۈن مۇساپىلەرنى بېسىپ پايتەختكە خىزمەت ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئۈچۈن گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە مۇئامىلە جەھەتتە ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى مەنگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى، پايتەخت بېيجىڭ جۇڭگودىكى 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە، جۇڭگودىكى 56 مىللەت ئەزالىرى تەلپۈنىدىغان بىر جاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭدا خەلقئارالىق شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن چەتئەللىكلەر تولىمۇ كۆپ، مۇنداق شارائىتتا ئۇلارنىڭ قىلغان ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەركىتى ئۆزىنىڭ ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ سۆزى، بىر مىللەتنىڭ ھەركىتى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇ جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلماي بولمايدۇ. مانا بۇ جەھەتتە

بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار مىللەتنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھەر مىللەت ئارىسىدىكى ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ، دېسەك ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلاردا ھەممىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئېلىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا خىزمەت كەلگىلى كەلگەن، ھەممىمىز بىر يۇرتلۇق، دەيدىغان ئاڭ تولىمۇ كۈچلۈك، بولۇپمۇ ياش زىيالىلاردا. ئىدارە-ئورگانلاردا ئىشلەيدىغان ياش زىيالىلار ئايدا بىر-ئىككى قېتىم يىغىلىپ تۇرىدۇ. بەزىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئولتۇرىدۇ. لېكىن بۇ يەردە سەن ئۇ يەرلىك، مەن بۇ يەرلىك، دەيدىغان گەپ قىلچە مەۋجۇت ئەمەس. ھەممىمىز بىر يەرلىك، ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر، ھەممىمىز پايتەختتىكە خىزمەتنى، دۆلىتىمىزگە، خەلقىمىزگە ئازاراق بولسىمۇ ھەسسىمىزنى قوشۇش ئۈچۈن كەلگەن، بىز بۇ يەرگە مۇساپىر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر-بىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ، كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىپ ئۆتۈش ئەڭ ئەقەللىي ساۋات، دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت قارىشى كۈچلۈك. بېيجىڭدا ھەر يىلى دېگۈدەك ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ نۇرغۇن چوڭ-چوڭ پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا نورۇزلۇق، ھېيتلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا توي-تۆكۈن، نەزىر چىراق قاتارلىق ئۆرپ-ئادىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.ئىدارە-ئورۇنلار، مەكتەپلەرنىڭ ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ بار. خىزمەتكە بېرىش ۋە خىزمەتتىن چۈشۈشتەك ۋاقىتنى دېمەي تۇرايلى، مەيلى قانداق بىر پائالىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانچىگە دېگەن بولسا شۇنچىگە دەل ۋاقتىدا بارىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدىن يېرىم سائەت بۇرۇن بارىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بىز ھەر دائىم دىيارىمىزدىن كەلگەن دوستلىرىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتە شىنجاڭدا توي-تۆكۈن ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ۋاقىت قارىشىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، 6 دە دېسە، 8 گە بارىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىپ، زىيالىلارنىڭ بۇ جەھەتتە خېلى سۆزلەپ بېقىپ ھېرىپ قالغانلىقىنى، ھازىر كىشىلەرنىڭ

ئاساسەن كۆنۈپ قالغانلىقىنى، بەزى دوستلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئادەمگەرچىلىك دەستىدىن قېقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، خىزمەتتىن باشقا نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارغا سەرپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋايسايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز ھەم بۇ ئىشلارنىڭ تېزدىن تۈزۈلۈپ كېتىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ پايتەختتە ئىشلەۋاتقان بولغاچقا، يۇرتى شىنجاڭنىڭ خەۋەرلىرىگە تولىمۇ دىققەت قىلىدۇ. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى تەرەققىياتلارغا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان شەخسلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ بىكار ۋاقىتلاردا خەلقىمىزنىڭ سەنئەتكارلىرى ئورۇندىغان ناخشا ـ مۇزىكا، كۈلدۈرگە ـ ئېتوتلارنى كۆرۈش ئارقىلىق كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرىمىز. بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كەسپىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تىل مەدەنىيىتىنى قوغداش ئېڭىمۇ كۈچلۈك. بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر قىلىدىغان ئىشى خىزمەت، ئۇلار خىزمەتتىن خۇشاللىق تاپىدۇ. بېيجىڭدا ھەر قايسى ئىدارە ـ ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭدەك مۇشۇنداق چوڭ، رىقابەت كەسكىن شەھەردە تۇرالىشىنىڭ ئۆزىلا كىشلەرنىڭ قايىللىقىنى قوزغىشى كېرەك، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىنى باشقىلارغا قانداق تەرىزدە چۈشەندۈرۈش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايمەن. بىر ئادەم يۇرتىدىن ئايرىلغان ئىكەن، باشقا يۇرتتا تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن شۇ يۇرتنىڭ قائىدىلىرىنى ئوبدان بىلىشى، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى باشقا يۇرتلۇقلاردا ياخشى تىكلىشى كېرەك. ناۋادا ئۇ بۇ ئىشلارنى ياخشى ئورۇندىيالمىسا ئۇنىڭ ئۆز ھۆرمىتى چۈشۈپلا قالماستىن يەنە ئۆز يۇرتىنىڭ نامىغا زەرەر يېتىدىغان گەپ.

مېنىڭ دىققەت قىلىشىمچە، بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك. ھەر قانداق ئىشنىڭ بېشى مەسئۇلىيەتتىن باشلىنىدۇ. ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قىلغاندا، ئۆزى مەسئۇل بولغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىققاندا ئادەمنىڭ ئىشلىرى يۇرۇشىدىغان گەپكەن. مەيلى خىزمەت، مەيلى تۇرمۇش، مەيلى كىشىلىك

مۇناسىۋەت، مەيلى ھەمكارلىق جەھەتتە بولسۇن ئادەمدە كۆچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغاندا ئۇنىڭ ئۇنۇمى باشقىچە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.



مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتور-رىياسەتچىسى، مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم ۋە ئايالى شۇنداقلا خىزمەتتىكى ياخشى ھەمرايى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتور-رىياسەتچىسى زۆھرەت ياسىن بىلەن بىرگە ئاڭلىتىش بەرمەكتە



مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتور-رىياسەتچىسى، مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم ۋە ئايالى زۆھرەت ياسىن ئوغلى بىلەن بىرگە

مۇخبىر: يېقىندىن بىرى بىيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى زىيارەت قىلىپ يازغان ماقالىلىرىڭىز جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىدى. پايتەختتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ستۇدېنتلار ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىم «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن تەشەككۈر تېلېفونلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئارقىدىن بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە مەمۇرىي ۋە كەسپىي جەھەتتە چېلىقارلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى زىيارەت قىلىپ ژورنالدا بېرىش ۋە رادىيو ئاڭلىتىش نەتىجىسىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە تونۇش شەكىللەندى. بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئۆزىنى كەسپكە بېغىشلىغان، ياخشى ئوقۇپ نەتىجە قازىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئوقۇغۇچىلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ يەردە قانداق جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن كەلگىنىنى بىلمەي، كۈنلىرىنىڭ قانداق بىكار ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي، ئويۇن ـ سورۇن، ناتوغرا مۇھەببەت، جېڭگى ـ جېدەل قاينىمىدا يۈرۈيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. لېكىن ئۇلار ئاز ساندا. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ مۇڭدىشىپ تۇرىمىز، دوكتۇرلۇق، ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان باللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيەسى بار، ئۇلار شۇنچىلىك ئاددى ـ ساددا، تىرىشچان، ئۇلارنىڭ ۋاقتى كۆپچىنچە كۇتۇپخانا، دەرىسخانىدا ئۆتىدۇ، بەزى باللارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەنمۇ پاراڭلاشسام، ئۇلارنى شۇنچىلىك ماختاپ كېتىدۇ. «شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئاجايىپ ئەقىللىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەسپىي جەھەتتە ھەر قانداق مەسىلىگە يولۇققاندا شۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىجادى يوللىرىنى دادىل ئىزدىنەلەيدۇ» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بېيجىڭدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى يىللىقىدا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تەڭ تۇرۇپ نەتىجە قازىنىشى ئادەمنىڭ قايىللىقىنى قوزغىماي قالمايدۇ. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نۇرئەلىنى زىيارەت قىلغان چېغىمدا ئۇ ماڭا: مەن ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئوقۇش جەريانىدا 64 ـ بولۇپ قاپتىكەنمەن، بۇ ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدى، بىر يىل ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ، ئەتىگەن سائەت بەشتە تۇرۇپ كەچ سائەت 12 گىچە پىلانلىق ئۆگىنىش قىلىش نەتىجىسىدە سىنىپ بويىچە 1 ـ بولدۇم» دېگەن گېپى ماڭا تولىمۇ تەسىر قىلغان ئىدى. دېمەك، بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئەنە شۇنداق ئەتراپلىق پىلان، قاتتىق

تىرىشىش ئارقىلىق سىنىپنىڭ، مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار خېلى بار. بۇلار بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ دەسلەپ ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ ئۆزى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى، مۇھىمى ئۆزىنى قانداق چۈشەندۈرۈش، باشقىلارنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ يەردە ئوقۇيدىغان كۆپىنچە باللارنىڭ نىشانى ئايدىڭ. ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ پايتەختتە تۇرىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭدىن ئىبارەت مۇشۇنداق جايدا ئۆزى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە، يىراق، يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئانالىز قىلىش، ئويلىنىش ئىمكانىيىتى كۈچلۈك بولىدىكەن.

بىر قىسىم ئاز ساندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ياخشى ئوقماي، ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي چېكىنگەنلەرمۇ، باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ، مەكتەپ ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىپ ھەيدەلگەنلەرمۇ بولدى. بەزىلەر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇيدىغان، بىلىم ئالىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، مۇھەببەت قايىنمىغا بېشچىلاپ كىرىپ كەتتى. مۇھەببەتنىڭ شىرىن تەملىرى ئۇلارنىڭ ئىككى كۆزىنى كۆرمەس، كاللىسىنى ئۆتمەس قىلىپ قويىدى. مەن ھازىرقى ئايالىم ھەم خىزمەتتىشىم زۇمرەت ياسىن بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ **1**-يىللىقىدىن تارتىپ مۇھەببەتلەشكەن. ئالىي مەكتەپتە بەش يىل، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ئۈچ يىل مۇھەببەتلىشىپ توي قىلدۇق. لېكىن بىز مۇھەببەتنىڭ سەۋداسىدا ئۆگىنىشنى، كەسپىنى تاشلاپ قويماي ھەر ئىككىسىنى تەڭ ئېلىپ بۇگۈنگە كەلدۇق. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەردە پالانچى ياكى پوكونچى مۇھەببەتنىڭ سەۋداسىدا ساراڭ بولۇپ قالاي، دەپتۇ، ئاش-تاماقنى، ئىلىم-بىلىمنى ئۇنتۇپ ئاشقىي بىقارار بولۇپ تۆگىشىپ كېتىپتۇ، دىگەن گەپلەرنى ئاڭلىسام ھەيران قالىمەن. مەن بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار بىلەن مۇھىم ئەمەس ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشىنى، قىسقىغىنە ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا نەزەرىيىۋى بىلىم سەۋىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەلگۈسى كەسپىي ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئۆتكەندە بېيجىڭ ئونۋېرستىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە قېلىپ قالغان

گۈلجەننەتتىن سورىسام، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا 50 كە يېقىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق، باكالاۋىر ئونۋانى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بار ئىكەن. جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئىنستىتۇتى، پايتەخت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئىلىم ـ تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدىكەن. ئۇلار ئېنىقكى، ۋەتىنىمىزنىڭ پەخرى. ئۇلار بۇ مەكتەپلەرگە ئۇنچە ئاسان ئۆتمىگەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە قان ـ تەرى بەدىلىگە يۇقارقىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ياخشى ئوقۇغان ئادەمنى ھەممە يەرنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكۈسى كېلىدۇ. قانداق ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرىنى تاللاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىشى، مەيلى قايسى يەردە خىزمەت قىلىشتىن قەتئىنەزەر ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە يۈز كېلەلەيدىغان يارامىلىق ئادەم بولۇش ئىنتايىن مۇھىم، ئەلۋەتتە.

مۇخبىر: يۇرتىمىز شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭنى سېلىشتۇرغان چېغىڭىزدا قانداق روشەن پەرقلەرنى ھېس قىلىسىز، بىزدە نېمىلەر كام؟ يېتىشسىزلىكلىرىمىز نېمە؟ بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئارتۇقچىلىق نېمە؟

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: بېيجىڭدا تۇرلۇك خەلقئارالىق يىغىنلاپ كۆپلەپ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلتايلىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ. چوڭ ـ چوڭ كاتتا پائالىيەتلەر دائىم دېگۈدەك ئۆتكۈزۈلىدۇ. چەتئەللىكلەرمۇ بېيجىڭدا كۆپرەك. ھەممە يەر ئۆگىنىش، بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلاشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن تولغان شارائىت، مانا مۇشۇنداق مەدەنىي مۇھىت ئادەمنىڭ ھەركەتلىرىگە، ئوي ـ پىكىرىگە داۋاملىق ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭغا جۇڭگودىكى ئەڭ داڭلىق زىيالىلار توپلانغان، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بىز ئائىلىلى ياكى ئائىلمايلى ئانچە ـ مۇنچە قۇلاققا كىرىپ تۇرىدىكەن. مېنىڭچە، بېيجىڭدىكى مەدەنىي مۇھىت كىشلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن، دەپ ھېسابلىدىم. بېيجىڭدا

كەڭتاشا ئۆگىنىش مۇھىتى بار ئىكەن، ئەگەر سىز ۋاقتىڭىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالىسىڭىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىكەنسىز. مەن شىنجاڭدىكى دوستلىرىم بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن، رەھمەتلىك دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەنمۇ تېلىفونلىشىپ تۇرىمەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، توي ـ تۆكۈن، تۇغمەس ئولتۇرۇش، ھەر خىل قائىدە ـ يوسۇنلار ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئېلىپ كېتىدىكەن.

مەن بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن زىيالىيلارنى زىيارەت قىلىپ رادىيودا ئاڭلاتتىم. ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىدە نەتىجە قازىنىش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدىم. ئۇلارنى قىلغان زىيارەتنى ئومۇملاشتۇرغاندا مۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنىڭ ئاساسى ئېنىق نىشان ۋە ئەتراپلىق پىلاندىن ئىبارەت. پىلانى يوق، نىشانى يوق ئادەمنىڭ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىسى، ۋاقىتنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىش مەسىلىسى. نۇرغۇن كىشىلەر ۋاقىتنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىۋاتىدۇ. بىز ياشاۋاتىمىز، ئەمەلىيەتتە بىز ياشاش جەريانىدا پۇتۇنلەي ۋاقىت بىلەن ئېلىشىۋاتقان بولىمىز. ۋاقتىمىزنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرالىغان چاغدىلا بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ھەر قانداق ئىشقا قانداق قاراش، قولىدىكى ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش يەنى ئەستايىدىللىق مەسىلىسى. كونىلاردا «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن ماقال ـ تەمسىل بار. بىر ئىشقا مەيلى ئۇ قانچىلىك جاپالىق، قىيىن ئىش بولسۇن كۆڭۈل قويىدىغانلا بولساق چوقۇم ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلەيمىز.

مۇخبىر: بېيجىڭ شىنجاڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز سانلىق. بېيجىڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن پەرزەنتلەرنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش بېيجىڭدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان ئىشمۇ قانداق؟ ئۇنىڭدىن باشقا ئۆي سېتىۋېلىش، بالا تەربىيەلەش ۋە باشقا تۈرلۈك مەسىلەر بار. مۇشۇ ھەقتىكى كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم: توغرا ئېيتتىڭلار، بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە بۇ يەردە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار ۋە ياشلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىۋاتقان يەنە بىر ئىش ـ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرىغا، ياشلارنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق لايىق تاللاش مەسىلىسى بولۇپ تۇرماقتا. بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، نىكاھدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە جىددى قاراپ بالىلىرى قۇرامىغا يەتكەن ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۇلارنى بىر ـ بىرگە تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى كېلىشىپ توي قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ كەلدى. ياشلار بولسا ئايدا بىر ياكى ئىككى قېتىم بېيجىڭدا خىزمەت قىلىدىغان قىز ـ ئوغۇللارنىڭ كۆرۈشۈش مەشرىپىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىز ـ ئوغۇللارنىڭ تونۇشۇپ توي قىلىپ قېلىشى ئۈچۈن بىر سەھنە ھازىرلىدى. بۇلار سان جەھەتتە ئاز بولغان ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ يۈز كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ، ئاخىرىدا بىر بەختلىك بىر ئائىلە كىلىشرى بولۇپ قېلىشىدا ئوبدانلا ئىجابى رول ئوينىدى. لېكىن، قانداق تىرىشچانلىق كۆرستىش بولسۇن، بېيجىڭدىكى توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىز ـ ئوغۇللارغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكىدەك ئۇنداق كەڭرى ئوبىكت تاللاش ئىمكانىيىتىغا ئىگە بولمىغاچقا، ئاز ساندىكىلىرى تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان بىلەن كۆپ ساندىكىلىرى تۇرمۇشتىكى بۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلىنى ھەل قىلىش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلمەكتە.

بېيجىڭدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئۆيلىشىدە ۋە ياشلارنىڭ ئۆز ـ ئارا تونۇشۇپ توي قىلىشىدا بۇنداق قىيىنچىلىقنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەپ: بىرىنچىدىن، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر قىز ـ ئوغۇللارنىڭ شىنجاڭدىكى ئوبىكت تاللاش ئىمكانىيىتى كىچىكرەك. چۈنكى، بۇ يەردە بېيجىڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىش، نوپوس مەسىلىسى ۋە قارشى تەرەپنىڭ قايەردە خىزمەت قىلىش مەسىلىسى، ئەر ـ ئايال بىر يەرگە جەم بۇلۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچى ئۆي مەسىلىسى (بېيجىڭدا ئەڭ بازارلىق جايلاردىكى ئۆينىڭ ھەر كۋادرات مېترىنىڭ باھاسى 50 مىڭ يۈەندىن ئەڭ ئەرزانلىرىنىڭ ھەر كۋادرات مېترىنىڭ باھاسى 25 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ) ۋە ئىقتىساد مەسىلىسى مەۋجۇت. بېيجىڭغا كەلگەن ھەر قانداق ئادەم بۇ يەردە مال باھاسىنىڭ شىنجاڭ ۋە باشقا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە

سېلىشتۇرغاندا خېلىلا قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىۇ. مانا مۇشۇ مەسىلىلەرمۇ تويى قىلىش يېشىدا تۇرغان بېيجىڭلىق بالىلارنىڭ قاتتىق باش قېتىنچىلىقى بولۇپ تۇرماقتا.

بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان، يېڭىدىن بالىلىق بولغان ئۇيغۇر ياشلارنىڭ قىيىنچىلىقىمۇ خېلى بار. ئالدى بىلەن بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بۇ بالىنى قانداق بېقىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. رىقابەت كەسكىن، تۇرمۇش رېتىمى تېز شارائىتتا بالىنى بېقىش ئۈچۈن چوقۇم شىنجاڭدىن ئاتا ـ ئانىلىرى بېيجىڭغا كېلىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى بېقىشنىڭ ھەر قانداق مۇشەققەتلىرىگە چىدىسىمۇ، لېكىن ئەتىسى ئاخشىمى قوشنىلار بىلەن مۇڭدىشىش، ئۇيغۇرچە قانالالارنى كۆرۈش، ئۆرپ ـ ئادەت يۇسۇنلىرىنى كەڭتاشا ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيەتلىرىدىن سەل مەھرۇم بولغاچقا، ئېنىق ئېيتقاندا قاتتىق ئۇيغۇرسىراپ كەتكەچكە بۇنىڭ مۇشەققەتلىرىدە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدىكى ياشلار يۇقىرى مائاش بىلەن شىنجاڭدىن ئائىلە خىزمەتچىسى تەكلىپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىشقا كەتكەندىن كېيىن بالىغا قارايدىغان، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ، ئەمەسمۇ؟ ئائىلە خىزمەتچىلىرىمۇ بىر نەچچە ئاي بالىلارنى بېقىپ بېقىپ، بۇ يەرنىڭ زېرىكىشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى ۋە باشقا باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئىشقىلىپ بالىلار يەسلىگە كىرگۈچە بولغان ئارلىقتا ئۇنى قانداق بېقىش مەسىلىسى بىر چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان. سەۋەبى، ئۈرۈمچىلەردە ياكى شىنجاڭدىكى باشقا يۇرتلاردا بالا يەسلىگە كىرگۈچە بولغان ئارلىقتا بالىغا چوڭلار، ياكى قوشنىلار ياكى ئۇرۇق تۇققانلار ئازراق بولسىمۇ قاراپ بېرىدىغان شارائىت بار. بۇ يەردە ئۇنداق شارائىت پەقەت يوق، دەم ئېلىش كۈنلىرىمىزنى بىز ئادەتتە پۈتۈنلەي بالىمىزنى خۇشال قىلىدىغانغا تاپشۇرىمىز، لېكىن ئىشلەيدىغان چاغدا بالىنى تەڭ ئىشقا ئاپىرىشنىڭ ئورنى يوق بولغاچقا بۇمۇ بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر ياشلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىر باش قېتىنچىلىقى ھېسابلىنىدۇ.

بېيجىڭدا خىزمەت قىلىشنىڭ ياخشى تەرەپلىرى نۇرغۇن، بىز ھەر قېتىم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا پارتىيەنىڭ ـ فاڭجېن سىياسەتلىرى، دۆلەت

ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇھىم خەۋەرلەرنى ئۆنىگەدىن باشقا رادىيودىن ئىبارەت خەلققە ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى تەربىيلەش ۋەزىپىسىنى ئالغان مۇشۇ ئاخبارات ۋاستىسى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىي تەشناللىقى ئۇچۇن ئاززاق بولسىمۇ كۈچ قوشۇۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ قاتتىق ئىشلەپ كېتىمىز. ئۆزۈمگە كەلسەم: مەن بۇندىن كېيىن «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»، «جۇڭگوغا نەزەر»، «دۇنياغا نەزەر» پروگراممىلىرىغا ياخشى رىياسەتچىلىك قىلىپ، «رومان ئاڭلىتىش پروگراممىسى»نى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى پروگراممىلارنى ئىشلەپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن.

مۇخبىر: ناھايىتى ئەتراپلىق سۆزلەپ بەردىڭىز، رەھمەت.

## مەڭگۈلۈك ئۆتكەن ھايات

(زىيارەت خاتىرىسى)

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق 1958 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇنتاغ يېزىسى شورۇق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇغان. 1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. خىزمەتتىكى ۋاقتىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالىنىپ، مىدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1991 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا» ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي

تەتقىقاتلىرىنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ ئۆرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ، 2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 54 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان.

مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ قىسقىغىنە ئون نەچچە يىل ئىچىدە يېزىپ نەشىر قىلدۇرغان كىتابى 25 پارچە، ئېلان قىلدۇرغان ماقالىلىرى 110 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەن كىشى ئاپىرىن ئېيتماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىجادىي، ئىلمىي ئەمگەكلىرى كۆچلۈك دەۋرچانلىقتا، روشەن ئاكتىۋاللىقتا، ئوچۇق پايدىلىنىشچانلىقتا ئىگە بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا، ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا نائىل بولۇش بىلەن بىرگە، زاماننىڭ چايقاشلىرىدىن، دەۋرنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، گەرچە ئۇ بالدۇرلا بىزدىن خوشلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىزگە ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولۇپ، سۆيۈپ ئوقۇشىمىزغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇنداقلا كېيىنكىلەرنىڭ ھەم قەدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ. بىز مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن دائىم ياد ئېتىمىز، ئۇنىڭ باسقان ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز . . .

ئىمىن ئەخمىدى: (پىروفېسسور) مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ تەتقىقات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تاللانت ئىگىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا قانۇن، ئەخلاق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالە ۋە كىتابلارنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، مائارىپى، سەنئىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق پىكىرلىرىنى بىزگە تەقدىم ئەتتى. بولۇپمۇ ئۇ «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى» دا ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا يېڭىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا باشتىن ـ ئاخىرى تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى بىر يول، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى. گەرچە ئۇ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتىكى ئىزدىنىشلىرى بىزنىڭ بۈگۈنكىدىن

كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمىز ئۈچۈن ئۈرنەك بولالايدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشچانلىقى، بىلىمگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش، بىلىمنى ئەمەلىي قوللىنىش، جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزۈش روھى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى بىرىش ـ كېلىشلەردە ئەخلاقىي مىزانلارغا ئىرچىل رىئايە قىلىپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي پىكىرلىرى مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە تۇتاشتى. ئۇ يەككە بىر تېمىدىلا ئەمەس، كىچىك باللارنى تەربىيەلەشتىن تارتىپ چوڭلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، شەخسىي ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا قانداق كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ناھايىتى جانلىق، باشقىلارنى قانائەتلەندۈرگىدەك دەرىجىدە يەتكۈزدى. مەن ھەر قېتىم مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ماقالىلىرى ۋە كىتابلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇنىڭ يارقىن سىماسى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇپ، ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۈنىڭدىن كېيىنمۇ مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق توغرىسىدا سۆزلىشىمىز، مەخسۇس تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر. بۇ مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنى ئەسلەشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى...

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر: (پىروفېسسور) مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق كىشىلىك خاراكتېر جەھەتتە تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ئۆزلۈكسىز ئالغا باسىدىغان، قېيىنچىلىقتا باش ئەگمەيدىغان، بوزلۇقتىن يول ئېچىپ يۈرەكلىك ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ قىممىتىنى ماددىي بايلىقنىڭ ئالدىغا قويىدىغان، جەمئىيەت، دەۋرنىڭ يۈزلىنىشىنى ئاڭلىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلىدە بولىدىغان، راستچىل، دۇرۇس، خەلقچىل، يۇرت سۆيەر، غەيرەت ـ شىجائەتلىك ئەر، دەۋرىمىز يېگىتلىرىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ، خاس تەپەككۇر ئەندىزىسىگە ئىگە تەتقىقاتچى ئىدى. ئۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا ئاز بولمىغان مەنىۋىي قىممەتلەرنى ياراتتى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نوقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، بىرىنچى، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن

باشلاپ ‹ ‹قۇتادغۇبىلىك › › ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن بۇ ساھەدە يېڭى بىر يول ئاچقان شەخسكە ئايلاندى. 80 ـ يىللاردا بىر تۈركۈم شائىر ۋە ئالىملار ‹ ‹قۇتادغۇ بىلىك › ›نى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم مۇھىتىغا، يەنى تار دائىرىدىكى زىيالىلار قاتلىمىغا تەقدىم قىلغان بولسا، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق بۇ ئەسەرنى نەسرىيلەشتۈرۈش، رومانلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا شەرھىي يېزىش ئارقىلىق ئۇنى يېڭى بىر سۈپەتكە ئىگە قىلدى ۋە بۇ ئەسەرنى تار مۇھىتتىن ھالقىتىپ مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان كەڭ خەلق ئاممىسى چۈشىنەلەيدىغان بىر ئەسەرگە ئايلاندۇردى. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق بۇ ئەسەرنى ياش ـ ئۆسمۈرلەر دۇنياسىغىمۇ ئېلىپ كىرىپ، ئەسەرنىڭ تارقىلىش ۋە ئۆزلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ ئەسەرنى بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ قىممەت قاراش ۋە مىللىي غايە تىكلەشتىكى ئەڭ مۇھىم مەنبەسى سۈپىتىدە تونۇتتى. ئىككىنچى، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق دەۋرىمىز ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ تاكامۇللۇقىغا ئىنتىلىش، زامانىۋىي روھىي ساغلاملىق، چاغداش مەنىۋىي كامىللىقنى تەشەببۇس قىلىشنى ئىلمىي ئىجادىيىتىنىڭ قانىتى قىلدى. ئۇ بۇ تېمىدا يازغان «ھاياتلىق ۋە نۇمۇس»، «ئەنئەننى سۆيۈش مىللەتنى سۆيۈشتۇر»، «قابىلىيەت ۋە روھىيەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئىنسانىنىڭ زىننىتىنى ئىكەنلىكىنى، ئەخلاقىي تاكامۇللۇقنى يۈكسەك غايە قىلىشنى ۋە دەۋرگە خاس زامانىۋىي روھىي ساغلاملىق، مەنىۋىي كامىللىق ئىدىيەسىنى تىكلىمەي تۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئارقىدا قالىدىغانلىقىنى، شاللىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇتتى. ئۈچىنچى، 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ‹ ‹ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيەسى › › دېگەن ئەسىرى ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىچىدە تىڭىرقاپ قالغان، مىللىي تەربىيەدە كىرىزىسقا پاتقان، تارىخىي ۋە مىللىي ئەنئەنىدىن ياتلىشىش ھادىسىسىگە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدە مۇھىم بىر قوللانمىغا ئايلاندى. بۇ ئەسەردە ھەم ئەنئەنىگە سادىق ھەم زامانىۋىي چۈشەنچىگە ئىگە ئەۋلادلارنى يارىتىشنىڭ مەنىۋىي ئاساسلىرى كۆرسىتىلگەن بولغاچقا، بۇ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇل ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. تۆتىنچى، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتى كەڭ دائىرىلىك ۋە سىستېمىلىقتۇر. ئۇ بۇ گىگانت ئەسەر ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت

تارىخنىڭ خاقانىيە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرىنى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەنتىقىسىنى يورۇتۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا ئاتاپ يازغان 2 مىليون خەتلىك « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› كە شەرھ» دېگەن قۇرال كىتابى ئېنسىكلوپېدىيەلىك ماھىيەتكە ئىگە كاتتا ئەسەردۇر. يات ئارىدا نەشرىدىن چىققىدىغان بۇ ئەسەر ‹‹دىۋان›› تەتقىقاتىدا ۋە ئۇيغۇر ئىدىيە ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ زور نەتىجىلەرنىڭ بىرىدۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ 26 يىللىق ئىلمىي ئىجادىيەت ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكەن ھايات، دەۋر دولقۇنلىرىدا غەۋۋاس بولۇپ ئۈزگەن ھايات، زاماندارلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھايات، دەۋرداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ھايات دېيىشكە بولىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلىرى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخس يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ كىشىلىك ھاياتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى مەخسۇس ۋە ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ بىر تېمىدۇر. ئىشىنىمىزكى، كېلەچەكتە ‹‹تۇغلۇقشۇناسلىق›› تىن ئىبارەت يېڭى بىر تەتقىقات ساھەسى مەيدانغا چىقىپ، ئۇنىڭ نامى، روھى ۋە ئىدىيەسىنى تېخىمۇ پارلىتىدۇ.

تۇرغۇن يىلتىز: (شائىر، ژۇرنالىست) يارمۇھەممەد تاھىر دېگەن بۇ مۇبارەك ئىسىم بىلەن تونۇشلۇقۇمغا ساق 30 يىل بوپتۇ. مەن 1981 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىنلا، مۇخبىرلىقتىن بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە بولدۇم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يېڭىدىن يازغان ئەسىرىمنى ئېلىپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا باردىم ۋە ئۇستاز مۇھەررىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدۇم. ئاشۇ يىللاردا، مەن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئاكتىپ ئاپتورلىرىدىن بىرى ئىدىم. ئەبەيدۇللاكام مېنىڭ ھۆسن خەت يېزىشتىكى ئالاھىدىلىكىمنى كۆزدە تۇتتى بولغاي، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىل 1 ـ سانىدىكى بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇ ھۆسن خەتلىرىنى يېزىشنى ماڭا تاپشۇردى. مۇندەرىجىدە «ياگرا تەمبۇر» ناملىق نەسر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورى

يارمۇھەممەد تاھىر بولۇپ، ئۇ چاغدا، مەن بۇ ئاپتور بىلەن تونۇشمايتتىم. مەن «ياڭرا تەمبۇر» دېگەن ماۋزۇنى ئوبرازلىق خەت نۇسخىسى بىلەن تەمبۇرنىڭ شەكلىنى چىقىرىپ ساق بىر ئاخشامدا يېزىپ بولغان ئىدىم... 1987-يىلى، مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يۆتكەلدىم. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، قەشقەردە يارمۇھەممەد تاھىر بىلەن تۇنجى يۈز كۆرۈشكىنىمدە، ئىككىمىز قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق ۋە مەن ئۇنىڭغا «ياڭرا تەمبۇر» ناملىق نەسرىنىڭ ماۋزۇ خېتىنى قانداق يازغانلىقىمنى سۆزلەپ بەرگىنىمدە، ئۇ مېنىڭ ئاشۇ ھۆسن خېتىمدىن تولىمۇ سۆيۈنگەنلىكىنى، «ياڭرا تەمبۇر» ئۆزىنىڭ تۇنجى ئېلان قىلىنغان نەسرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يارمۇھەممەد بىلەن پات-پات يوقلىشىپ، پىكىرلىشىپ تۇرىدىغان يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان ئىدۇق.

مەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتقان ئاشۇ مەزگىللەردە، يارمۇھەممەد «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ھېكمەتلىرى بىلەن تويۇنغان «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا» ناملىق كىتابىنى بىز 1991 - يىلى نەشر قىلدۇق. يارمۇھەممەدنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدىكى بۇ تۇنجى ئەسىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئۆزى ئۈچۈنلا شۆھرەت ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغىمۇ شان-شۆھرەت بەخش ئەتكەن ئىدى.

1996-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يارمۇھەممەد ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئالاقىمىز بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. 2004-يىلى، مەن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا ئىشلەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىمىز پات-پات ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. شۇ مەزگىللەردە، ئۇ ئۆزىگە «تۇغلۇق» فامىلىسىنى قوللاندى ھەمدە ئەسەرلىرىنى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئىمزاسىدا ئېلان قىلىشقا باشلىدى. بىز ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا، ئىلىم ھەققىدە، جۈملىدىن تەتقىقات، ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىش ھەققىدە پىكىرلىشەتتۇق. ئۇ، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىغا پات-پات ماقالە ئېلىپ كەلگەندە، مەن ئالدىراش ئىشىمنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ماقالىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقاتتىم. يارمۇھەممەد قولىغا بىرەر

ماتېرىيالنى ئېلىپ ئۆندىمەستىن ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ماقالە توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى ئۇنىڭغا دەيتتىم، بەزىدە ماقالىدىكى ئايرىم جايلارنى تۈزىتىش توغرىسىدا پىكىر بەرسەم، ئۇ مېنىڭ پىكرىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايتتى ۋە ماقالىسىنى بەزىدە نەق مەيداندىلا ئۆزگەرتىپ تۈزىتىپ بېرەتتى، بەزىدە ماقالىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، ئەتىسىلا تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ئېلىپ كېلەتتى... ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق پەقەت ئىككىمىزگىلا تەۋە بولۇپ قالماستىن، بەلكى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق بىلەن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق بىلەن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ دوستلۇقى ئىدى. ئۇ ئۆزى ئەڭ ياخشى يېزىلىدى دەپ قارىغان ماقالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى بىزگە بېرەتتى. يارمۇھەممەدنىڭ قولىدىن ئۆزىۋم بىۋاستە تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆزۈم تەھرىرلىگەندىن كېيىن ژۇرنىلىمىزغا بېرىلگەن ماقالىلەر بىرقەدەر كۆپ. مەسىلەن: ژۇرنىلىمىزنىڭ **2005**- يىل **1**- سانىغا بېسىلغان «قىممەت تارازىسىدىكى قىسمەتلەر»دە ئىنساننىڭ قىممىتى گۆش - تېرىسىدە ياكى قەددى - قامىتىدە ئەمەس، بەلكى روھىي كامالەتتە ئىكەنلىكى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە، تەسىرلىك مۇھاكىمە قىلىنغان ئىدى؛ ژۇرنىلىمىزنىڭ **2005**- يىل **4**- سانىغا بېسىلغان «ئىنسان تەبىئىتى ۋە نومۇس»تا ئىنسان تەبىئىتى بىلەن نومۇس ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ باغلىنىش مۇپەسسەل مۇلاھىزە قىلىنىپ، نومۇستىن مەھرۇم بولۇش ھېسابىغا ئېرىشكەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىنسانغا قەدىر - قىممەت ئاتا قىلالمايدىغانلىقى، نومۇستىن جۇدا بولۇش ھېسابىغا ئېرىشكەن ھەرقانداق ئىمتىيازنىڭ قىلچىمۇ ئېتىبارى بولمايدىغانلىقى قاتارلىق ھەقىقەتلەر ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى؛ ژۇرنىلىمىزنىڭ **2006**- يىل **4**- سانىغا بېسىلغان «بەخت ئەلچىسى — يۈسۈپ خاس ھاجىپ»تا پەيلاسوپ، شائىر، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات پائالىيىتىدىن چۈشەنچە بېرىلگەن ئىدى. بۇلاردىن باشقا، يارمۇھەممەدنىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى **2006**- يىل **6**- سانىغا بېسىلغان «نومۇس ۋە تەلىم - تەربىيە»، **2007**- يىل **1**- سانىغا بېسىلغان «نومۇس ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش»، **2007**- يىل **5**- سانىغا بېسىلغان «دېھقان ئەجرى زېمىننىڭ جېنى»، شۇنداقلا «نومۇس ۋە ئەقىدە»، «كىشىلىك ھايات ۋە نومۇس»، «**11**- ئەسىردىكى

ئۇلۇغ ئىزچى» ، «مەسئۇلىيەت ۋە قەرز» ، «ئادىمىيلىك مىزانلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ماقالىلەرنىڭمۇ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ۋە پايدىلىنىلىش قىممىتى يۇقىرى ئىدى. . .

يارمۇھەممەدنىڭ تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتتىكى ئەستايىدىللىقى، ھەرقانداق بىر ئەسەر ئۈستىدە ئىشلىگەندە ئۆزىگە تولىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ قايىل ئىدىم. كۆپ ساندىكى قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئەسەر يازغاندا ئىملا قائىدىسىگە دىققەت قىلمايدىغانلىقىنى ياكى ئىملا قائىدىسىگە پىششىق ئەمەسلىكىنى بىز مۇھەررىرلەر ئوبدان بىلىمىز. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يارمۇھەممەد ئانا تىل-يېزىقنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى، تىل-يېزىقنى توغرا ئىشلەتمەسلىكنى ئانا تىل-يېزىققا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك دەپ قارايتتى ھەمدە يازغان ئەسەرلىرىدە ئىملا خاتالىقى سادىر قىلمايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەستايىدىللىقىنىمۇ قەلەمداشلار ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلسا بولىدۇ.

يارمۇھەممەد ئىزدىنىش روھىغا ئىنتايىن باي بولۇپ، يېڭىلىقنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىش، ئۆزىنى بىلىم بىلەن كۈچەيتىش، شۇنداقلا ئۇزلۇكسىز بىلىم يېڭىلاش بىلەن ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا ماھىر ئىدى. بۇنىڭغا مۇنداق بىر مىسالنى ئوقۇرمەنلەرگە دەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ: **2010**-يىل قىش پەسلى ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، يارمۇھەممەد «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!. . .» دېگىنىچە ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى. بىز قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتۇق. ئاندىن، ئۇ يېڭىدىن يېزىپ ئېلىپ كەلگەن ماقالىسىنى ماڭا بەردى (يارمۇھەممەد يېزىقچىلىقنى قەلەم بىلەن قىلاتتى، ئەسەرلىرىنى ئۆز پوچېركىسى بىلەن بىزگە تاپشۇراتتى). مەن ماقالىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ماقالە ئارگىنالىدا خېلى كۆپ سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىلگەنلىكى، قۇر ئاراچلىرىغا سۆز-جۈملە قىستۇرۇلغانلىقى، بەزى ئابزاس ۋە سۆز-جۈملىلەرنىڭ سىزىقلىق كۆرسەتكۈچ بەلگىسى ئارقىلىق يۆتكەپ توغرىلاپ قويۇلغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە گەپ قىلىپ: «سەن بۇ ماقالىنى مۇشۇ ئارگىنال قەغىزىگە بىرىنچى قېتىم يازغىنىڭ بويىچە، قايتىدىن ئاق قەغەزگە كۆچۈرمەيلا ئېلىپ كەپسەن-ھە؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ئورنىدىن تۇرغىنىچە كۈلۈمسىرەپ: «شۇنداق، بۇ بىرىنچى ئارگىنال، قايتا كۆچۈرۈپ چىقىشقا ۋاقىت يوق، مەن يېقىندىن بۇيان كۆپىنچە ئەسەرلىرىمنى مۇشۇنداق بىرىنچى قېتىمدىلا پۈتكۈزۈپ ئادەتلىنىپ قاپتىمەن،

شۇڭا مۇشۇنداقلا ئېلىپ كەلدىم، يوقىتىپ قويما» دېدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: «مەن سېنى دوستانىلىق بىلەن تەنقىد قىلىپ قوياي، تەكلىپ بېرەي» دېدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھە...» دېدى. «ئاداش، ــ دېدىم ئۇنىڭغا سالماقلىق بىلەن گەپ باشلاپ، ــــ سەن بىر مەسئۇلىيەتچان تەتقىقاتچى ھەم يازغۇچى، سەن بۇرۇن ماقالە ـ ئەسەرلىرىڭنى ناھايىتى ئېدىتلىق پۈتكۈزۈپ ئېلىپ كېلەتتىڭ، بۇ قېتىم ئېلىپ كەلگەن بۇ ماقالەڭنى تازا ئەستايىدىل ئىشلىمەپسەن. بۇنداق ئادەتلىنىپ قالما، بولۇپمۇ سەن بۇنداق قىلساڭ قاملاشمايدۇ، بۇ مېنىڭ تەنقىدىم. ئەمدى ساڭا تەكلىپ بېرەي: ھازىر كۆپ قىسىم يازغۇچىلار، بولۇپمۇ سەن ـ مەندەك ياشلار ئەسەرلىرىنى كومپيۇتېردا يېزىپ ئادەتلىنىپ كەتتى. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ماقالىلىرىمنى كومپيۇتېردا يېزىپ ئادەتلەندىم، ژۇرنال ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىمۇ كومپيۇتېردا تەھرىرلەپ ئىشلەيمەن. ئەمما، شېئىرنى يەنىلا قەلەم بىلەن يازىمەن، شېئىرنى كومپيۇتېردا يازالمايدىكەنمەن. ساڭا دېسەم، سېنىڭمۇ ۋاقتىڭ قىس، يېزىۋاتقان ئەسەرلىرىڭ كۆپ. شۇڭا، سەن ماقالە ـ ئەسەرلىرىڭنى كومپيۇتېردا يازساڭ بولاتتى...» يارمۇھەممەد بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن: «كومپيۇتېردا خەت بېسىشنى بىلمەيمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم: «سەن بىر نەمۇنىلىك يازغۇچى، يېزىقچىلىقتا ئاكتىپ قوراللاردىن پايدىلىنىشنى، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك بەھرلىنىشنى بىلىشىڭ كېرەك. قارا ئاداش، سەن ‹ئا› ھەرپىنى قەلەم بىلەن يېزىش ئۈچۈن بىرقانچە سېكۇنت ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ ھەرپنى كومپيۇتېردا يېزىشتا ئىككى كۇنۇپكىنىلا باسسەن ـ دە، بۇنىڭغا بىر سېكۇنت ۋاقىتمۇ كەتمەيدۇ! يەنە دېسەم، بۇ ماقالەڭدە خېلى كۆپ سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىپسەن، قۇر ئاراچىلىرىغا سۆز ـ جۈملە قىستۇرۇپسەن، بەزى ئابزاس ۋە سۆز ـ جۈملىلەرنى سىزىقلىق كۆرسەتكۈچ بەلگىسى ئارقىلىق يۆتكەپ توغرىلاپ قويۇپسەن. بۇنداق قىلغاندا، تەپەككۇرۇڭ تەرتىپلىك بولمايدۇ، يازغان ئەسرىڭ كىشىگە قالايمىقان كۆرۈنىدۇ، ئەڭ مۇھىمى كۆپ ۋاقتىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ... ئەگەر كومپيۇتېردا يېزىقچىلىق قىلساڭ، سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىشمۇ، قۇر ئاراچىلىرىغا سۆز ـ جۈملە قىستۇرۇپ يېزىشمۇ ئىنتايىن قولايلىق بولىدۇ؛ بەزى ئابزاس ۋە سۆز ـ جۈملىلەرنى يۆتكىمەكچى بولساڭ، بۇنداق سىزىقلىق كۆرسەتكۈچ بەلگىسى ئارقىلىق يۆتكەپ كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. يۆتكىمەكچى بولغان ئابزاس ۋە سۆز ـ جۈملىلەرنى ناھايىتى ئاسانلا دەل

جايىغا يۆتكىيەلەيسەن، سىزنۇپتىلگەن، ئۆچۈرۈپ تۈگىرىلانغان بۇنداق ئارگىنالمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ ـ دە، ماقالە ـ ئەسەرلىرىك ناھايىتى تەرتىپلىك پۈتۈپ چىقىدۇ. دېمەك، كومپيۇتېردا يېزىقچىلىق قىلساڭ ناھايىتى كۆپ ۋاقتىڭنى تېجىيەلەيسەن، بىر كىتاب يېزىشقا كەتكەن ۋاقتتا 2 ـ 3 كىتابنى يېزىۋېتىشىڭ تامامەن مۇمكىن!» يارمۇھەممەد مېنىڭ تەكلىپىمنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە: «شۇنداق قىلاي...» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «كېلەر قېتىم كومپيۇتېردا يازغان ماقالەڭنى ئېلىپ كېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدىم. يارمۇھەممەد بۇ ئىشنى تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ قايتىپ كەتكەن ئىدى...

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا ئەڭ ئاۋۋال يول ئېچىپ ماڭغان ھەمدە بۇ يولدا خېلىلا ئىلگىرىلەپ مول مېۋىلەرنى خەلقىمىزگە تەقدىم ئەتكەن ئىستېداتلىق تەتقىقاتچى ئىدى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ توم ـ توم كىتابلىرى ئارقىلىق، مىللىتىمىز كىشىلىرىنى «ئالىم بولۇشتىن ئاۋۋال ئادەم بولۇش»قا، جۇملىدىن كىشىلەرنى نومۇس تۇيغۇسىدا ياشاشقا، ئىجتىھات بىلەن ياشاشقا، ئەھمىيەتلىك ياشاشقا، ئۆزئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن چىن پەزىلەت ئىگىسى ئىدى؛ ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بايراقدار ـ تۇغچىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىدە ئۇنىۋېرسال بىلىم ۋە ئۇنىۋېرسال ساپا ھازىرلىغان بولۇپ، قىسقا، ئەمما ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتكەن ھاياتىدا دەۋرىمىز ياشلىرىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ھەممىمىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

يۈسۈپجان ياسىن: (يازغۇچى) مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھۆرمەت قازانغان ۋە سۆيگۈ بىلەن ئەسلەنگەن، قىممەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن مەنۋىي ئۇل سېلىشقا تىرىشقان تالانتلىق پېداگوگ، پىكرى ئۆتكۈر مۇتەپەككۇر ۋە تونۇلغان قۇتادغۇبىلىگشۇناستۇر.

مەرھۇم ناھايىتى پەزىلەتلىك، ئېتىقادلىق، دۇرۇس، ئىشەنچلىك، تىرىشچان، ۋەتەنسۆيەر، مىللىي ئەنئەنىگە سادىق، مىللىي ھاياتنى خۇسۇسىي ھاياتتىن ئۈستۈن كۆرىدىغان مۇنەۋۋەر بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن 30 يىللىق ھاياتىنى ئىككى دەۋرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنجى دەۋرى 1983 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇ قەشقەر

پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتكەن ھەمدە تالانتلىق پېداگوك سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ مۇنبەردىكى ھاياتى بەك قىسقا داۋام قىلغان بولسىمۇ، بۇ جەرياندا ئۇ مول بىلىمى، ئىلغار مېتوتى، ھېسسىياتلىق نۇتۇقلىرى، تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى، بولۇپمۇ غۇرۇرغا تولغان ئوتلۇق قەلبى ئارقىلىق نەچچە مىڭ ياشنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ئۇستازىغا ۋە قەلبىدىكى ئۆرنەك شەخسكە ئايلانغان. كەسپىي ساھەسىدە ھەممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ بويىچە ‹‹مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى›› بولۇپ باھالىنىپ، ئوردۇن بىلەن تەقدىرلەنگەن. ئوقۇتۇش ھاياتىدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويغان. تەتقىقاتىنى دىداكتىك (تەربىيۋى) يۆنىلىشتىن باشلىغان.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ ئىلمىي ھاياتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى 1996 ـ يىلىدىن 2012 ـ يىلىغىچە بولغان 16 يىللىق تارىختۇر. ئۇ بۇ مەزگىلدە ئۇرۇمچىدە ياشاپ، بىر تەرەپتىن خۇسۇسىي نەشرىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. يەنە بىر تەرەپتىن تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتىپ، دىققىتىنى كلاسسىك ئەسەرلەر، ئائىلە تەربىيەسى، مائارىپ، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قاراتتى. چۈشەنچە ۋە پىكىرلىرىنى يەنە ھەر خىل سورۇنلاردا، سەھنىلەردە ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللەتنىڭ مەنىۋىي يېتەكچىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. بۇ دەۋر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ھوسۇللۇق مەزگىلىدۇر، شۇنىڭدەك مىللەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، سۆيگۈ ۋە ھۆرمىتىنى قازانغان دەۋرىدۇر.

ھاياتىنى ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ ھازىرغا قەدەر ‹‹ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا››، ‹‹ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت››، ‹‹بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن››، ‹‹ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيەسى››، ‹‹ھاياتلىق ۋە نومۇس››، ‹‹ئادەمىيلىك مىزانلىرى››، ‹‹قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز›› قاتارلىق 20 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب نەشر قىلىندى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، ھاكىمىيەت ئىدىيەسى، پەلسەپىسى، ئېتنوگرافىيەسى، ئەدەبىياتى، ئەخلاقى، پەن ـ مائارىپى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۈگۈنكى

ھالىتى ۋە يات مەدەنىيەت ئالدىدىكى پوزىتسىيەسى قاتارلىق كۆپ خىل تېمىلار دا ‹‹بۇلاق››، ‹‹مىراس››، ‹‹شىنجاڭ سەنئىتى››، ‹‹شىنجاڭ ياشلىرى››، ‹‹قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى››، ‹‹ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى›› قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا **110** پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئەمما، ئۇ بۇ نەتىجىلىرى بىلەن مەغرۇرلانماي، ئۆمۈر بويى داۋاملىق ياشاپ، مىللەتنىڭ ئابرۇيى ۋە بىرلىكىنى قوغداپ، بارلىقىنى مىللىي ئىستىقبالىغا ئاتىدى. ئۇ ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بېغىشلاش ئۈچۈن ياشىغان ئۇلۇغ شەخستۇر. ھازىر ئۇ ئارىمىزدىن ئايرىلدى، ئەبەدىيلىك ھاياتقا كۆچتى. ئۇنىڭ ئەزىز روھى بىز ئۈچۈن ئۆرنەك بىر ئىنسان سۈپىتىدە قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالدى. بىز ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن قايغۇرماقتىمىز. تارىخ تۆھپىكارلارنى ئۇنۇتمايدۇ! مىللەت ئۆزىنى سۆيگەنلەرنى قەدىرلەيدۇ! ئۇيغۇر مىللىتى سۆيۈملۈك پەرزەنتى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ!

روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ: (يازغۇچى) مېنىڭ مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئاكا بىلەن ئەسرالىشىش، پىكىرلىشىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم، ئېرىشكەنلىرىم ناھايىتى كۆپ. مەن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئائىلە تېمىسىغا بېغىشلانغان «ئەخلاق بۆشۈكى ـ ئائىلە»، «ئاتىلارغا ئالەم يۈكۈنەر»، «ئانىلاردىن ئالەم نۇر ئالار»، «ئوغۇللۇقنىڭ ھېكمىتى چەكسىز» قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرىمنى ئېلان قىلدۇرۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يارمۇھەممەد ئاكام ماڭا تېلېفون قىپتۇ. ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سۈراشقاندىن كېيىن، ئۇ كۆرۈشۈشكە ۋاقتىم بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى، مەن ۋاقتىم بارلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى سىرتقا چىقتىم. بىز شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئوندىن كەچ سائەت يەتتىگىچە شۇنداق ئوبدان پاراڭلاشتۇق، پىكىرلەشتۇق. ئۇ ماڭا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بەردى. تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشىم ئۈچۈن مەدەت بېرىپ رىغبەتلەندۈردى. مەن ئىجادىيىتىمدە يارمۇھەممەد ئاكامنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۈلگە ئالدىم، پايدىلاندىم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور دەپ قارايمەن.

مېنىڭچە، يارمۇھەممەد ئاكامنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپىنچە ئادەملىرىمىز ھازىرغا قەدەر تولۇق پايدىلىنىپ كېتەلمىدى. ئەمما، بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەي

قالمايدۇ. كەلگۈسىدە چوقۇم يارمۇھەممەد ئاكام ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات، ئىلمىي ئىزدىنىشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر يۈرۈش قىلىپ نەشىر قىلىدۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، ئېلان قىلىنمىغان ياكى تولۇق پۈتمىگەن ئەسەرلىرىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرۇپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق يارمۇھەممەد ئاكام ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ياخشى ئاساس سېلىشىمىز لازىم...

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى بولۇپمۇ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىمىز بولغان مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ھەققىي مەنىسى بىلەن تەتقىق قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق نىگىزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. باشقىلار «قۇتادغۇبىلىك»نى ئىلمىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلغان بولسا، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئۇنىڭ دىداكتىك خاراكتېرىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا»، «بۇۋام شۇنداق ئۆگەتكەن»، «يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ ئائىلە تەربىيەسى»... قاتارلىق خاس ئەسەرلەرنى يېزىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلقىمىزنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن تونۇتۇشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭ بىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىن ئۆزۈق ئالغان ئەسەرلەر بولغاچقا، خەلقىمىزنىڭ ئەتىۋارلاپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن خەزىنىسىنى قېزىشقا بارلىق زېھنىنى سەرپ قىلغان بولغاچقا، مەيلى قانداق ۋاقىت بولىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىدى. رەھىمسىز كېسەل ھەققىدىكى دىئاگنوز قويۇلۇپ، ئۆزىنى كۈتۈش باسقۇچىغا ئۆتكەن ئەشۇ كۈنلەردىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئارزۇلىرىدىن بىرى بولغان « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› غا شەرھ» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىگە قەلەم تەۋرىتىپ، بىر تەرەپتىن داۋالانسا، يەنە بىر تەرەپتىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، بۇ ئارزۇسىنى تولۇق تاماملاپ كىتابىنى پۈتكۈزدى. بۇنداق زور

جاسارەت تېخى بىزنىڭ كېسەلدىن خالىي، تىنى ساغلام كىشىلىرىمىزنىڭ قولىدىن كەلگىنى يوق. ۋاقىتتىن پايدىلىنىش، پايدىلانغاندىمۇ ئادەمنىڭ قايىللىقىنى ھەم ھۆرمىتىنى قوزغىغۇدەك دەرىجىدە پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۇ ئەسەرلەر روياپقا چىقتى.

يارمۇھەممەد تاھىر توغلۇق خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى پىششىق بىلىدىغان بولغاچقا، يازغان ھەر قانداق ئەسىرىدە شۇ خىل ئەنئەنىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ۋە باشقىلارنىڭمۇ شۇ خىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەقىقىي چىن مەنىدىكى تەتقىقاتچى ئىدى. مەن ئۇنى شۇ تۇيەيلىدىنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئۇستازى دەپ بىلىپ، يازغان ۋە يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىمنىڭ دەسلەپكى باھا بەرگۈچىسى قىلىپ، يېزىش ۋە ياكى تۈزۈشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىشنى مۇھىم دەپ بىلگەن ئىدىم. بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە بىز ئۆزبېكىستانلىق مەھمۇد ھەسەنىي توغرىلىق سۆزلىشىپ قالدۇق. مەھمۇد ھەسەنىي ئۆزبېك خەلقىنىڭ بارلىق كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ نەچچە يۈزلىگەن رىسالىلەرنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. بىز ئۇنى رايونىمىزدىكى قەلەم ساھىبلىرى بىلەن سېلىشتۇردۇق. دەرۋەقە بىز ئىجادىي ئەسەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى دىداكتىك مەزمۇنلارنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئانچە دىققەت قىلمايۋاتقان ئىدۇق. ھەر ئىككىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارشى ئوخشاش چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىمىز يۇرۇقلۇققا چىقارغان كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى شۇ خىل ئەسەرلەردىن ئىدىيە قوبۇل قىلغان خاراكتېرگە ئىگە قىلىشقا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنغان «قىزلارغا 100 نەسىھەت»، «ئوغۇللارغا 100 نەسىھەت»، «ئاياللارغا 100 نەسىھەت»، «ئەرلەرگە 100 نەسىھەت»، «قىز ـ ئاياللار ئەخلاقى»... دېگەن كىتابلىرىم شۇ قېتىملىق سۆھبەتنىڭ نەتىجىلىرى ئىدى. كېيىن بىز بىرلىكتە ھەممە ئۇيغۇر ئائىلىسىدە قورال كىتابلىق رول ئوينايدىغان چوڭ ھەجىملىك «ئائىلە قامۇسى» دېگەن كىتابنى بىرلىشىپ ئىشلىدۇق. بۇ كىتابنىڭ ھەر بىرىمىزگە تەۋە بولغان دەسلەپكى نۇسخىسىنى ھەر ئىككىمىز كومپيۇتېردا تەييارلاپ، كېيىن بىرلەشتۈرۈپ ، نەشرگە يوللاشقا تەييار قىلغان ۋاقتىمىزدا بۇنىڭغا سۇغۇق قول تەگدى. يەنى مېنىڭ خەلقئارا چوڭ بازار يېنىغا جايلاشقان «سارتېكىن كىتابخانىسى»غا

**2006**-يىلى **12**-ئاينىڭ **17**-كۈنى ئوغرى كىرىپ، كىتابخانىدىكى كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دىسكىسى (يىڭپەن) ئوغرىلاندى. «ئائىلە قامۇسى»نىڭ تولۇق پۈتكەن نۇسخىسى پىرىنتېردا بېسىپ چىقىلمىغاچقا، شۇ قاتاردا ھەممىسى يوقالدى. دەسلەپكى تىزىس شەكلىدىكى ماتېرىياللارلا قولىمىزدا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز نەچچە قېتىم تەييارلاپ باققان بولساقمۇ، لېكىن ئەسلىدىكىگە يەتمىگەچكە نەشر قىلىش باسقۇچىغا يېقىنلاشتۇرمىغان ئىدۇق. يارمۇھەممەد مۇئەللىمنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقانسېرى بۇ ئىشنى تىزراق تۈگىتىش ئىستىكى ھەر ئىككىمىزدە بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈنكىن يارمۇھەممەد مۇئەللىم ھايات ۋاقتىدا يۇرۇقلۇققا چىقىرالمىدۇق. نۆۋەتتە مەن ئەينى ۋاقىتتىكى خام ماتېرىيال ئاساسىدا رەتلەۋاتىمەن. تىنچلىق بولسا يېقىندا تۈگىتىپ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى «خەلقىمىز ئائىلىدە ھەممە جەھەتتىن پايدىلىنالايدىغان كىتاب بولسۇن» دېگەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.

ئادىلە ئەسقەر: (مەرھۇمنىڭ ئايالى) مەن يارمۇھەممەد بىلەن **26** يىل بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈپتىمەن. بۇ جەرياندا ئۇ ماڭا ۋە بالىلىرىمىزغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە كۆيۈنۈپ كەلگەن ئىدى. ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ماڭا ياردەملىشەتتى، مېنى بەك ئايايتتى. سىرتلارغا چىققۇدەك بولسا نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى، ئۆيگە ھەرگىز قۇرۇق قول كەلمەيتتى. بالىلار مەكتەپتىن كەلگەن ۋاقىتلاردا، ئۇلارنى مەكتەپتە ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى، بىلىمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ يۇكسەك بولىدىغانلىقىنى ھارماي-تالماي چۈشەندۈرەتتى، مەن ئۇنى ھەر جەھەتتىن پەزىلەتلىك ئەر، مەسئۇلىيەتچان دادا دەپ قارايمەن. يارمۇھەممەد يەتتە يىل ئېغىر كېسەللىك دەردىنى تارتتى. ئەمما، ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىقى، مۇھەببىتى سۇسلاپ قالمىدى. ئۇ بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن داۋالىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ دائىم بىر نەرسە يازغان ۋاقىتلىرىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېزىشقا كىرىشىپ كېتەتتى، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا مەن يېنىدا تۇرۇپ «دورا ئىچىڭ، تاماقىڭىز سۇۋۇپ كەتتى» دېمىسەم دورا ئىچىش، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى...

يارمۇھەممەدنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپلا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى. ھازىر

قولىمىزدا نەشر قىلدۇرۇلمىغان بىر نەچچە پارچە كىتابى ۋە ئېلان قىلىنمىغان بىر قىسىم ماقالىلىرى بار، بىز ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە، بۇ ئەسەرلەرنى رەتلەپ، ئېلان قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىمىز...

سۆھبەت ئۇيۇشتۇرغۇچى: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە، دېهقان

پوچتا نومۇرى: 844306

ئالاقە نومۇرى: 15276043060

(«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

## مېيىپلىق تەندە ئەمەس، روھتا

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. گەرچە خىلۋەت سەھرادىكى ئاددىي بىر دېهقان بولساممۇ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدىن بىكار بولغاندا، ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ھېچ بولمىسا بىرەر پارچە شېئىر، نەسر، ھېكايە ياكى ماقالە ئوقۇمىسام كۆڭلۈم كەچ بولمايدۇ. ياخشى يېزىلغان تېتىملىق ئەسەرلەردىن روھىي ئوزۇق ئېلىش مېنىڭ كۆندىلىك ئادىتىم. شۇڭىمۇ پات ـ پات يېڭىدىن نەشردىن چىققان كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئوقۇيمەن، ھەر يىلى ئون نەچچە خىل ژۇرنالغا پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى بولىمەن.

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتقىنىمغا بەش يىل بولدى. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئېسىل ئەسەرلەردىن ئۆزۈمگە چوڭقۇر مەنپەئەت، روھىي ئوزۇق ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ يىللىق ژۇرنالنىڭ 1 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ سانلىرىغا بېرىلگەن، گەرچە جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپ بولسىمۇ، ئۆزىنى قەدىرلەپ ياشىغان تۆت كىشى ھەققىدىكى تۆت پارچە ئەسەر ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى، تەسىراتلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ھاياتنى قەدىرلىگەن ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايدۇ.

بۇ ئادىل غۇجالىمنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «خاۋكىڭ كىم» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم.

ھايات ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ ئېسىل سوۋغات. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ياكى پايدىلىنالماسلىق ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ھاياتتىن ئىبارەت بۇ سوۋغاتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلەر بىھۇدە، مەنىسىز ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ، يا ئۆزى خۇش بولماي، يا باشقىلارنى خۇش قىلالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاياتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلار بولسا ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ غەلبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلۈپ ياشايدۇ. ئادىل غۇجالىمنىڭ «خاۋكىڭ كىم» ناملىق ماقالىسىنىڭ باش قەھرىمانى، دۇنيا فىزىكا ساھەسىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ستىفېن خاۋكىڭنى ئەنە شۇنداق ھاياتنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلىپ ياشىغان كاتتا ئالىم دېيىشكە بولىدۇ. خاۋكىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ھەرىكەت نېرۋا ھۈجەيرە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان، شۇ ۋاقىتتا دوختۇرلار ئۇنىڭغا «ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ» دەپ دىياگنوز قويغان. شۇنداق ئەھۋالدا خاۋكىڭ قىلچىلىك ئۈمىدسىزلەنمەي ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر مىنۇت ۋاقتىنى ئىلمىي تەتقىقاتقا سەرپ قىلغان ۋە تەتقىقاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ 1965 ـ يىلى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولغان. 1974 ـ يىلى ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ياش ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 1977 ـ يىلى پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە 1985 ـ يىلى ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، كانىيى تېشىلىپ ئوپېراتسىيە قىلىنغان. ئەسلىدىنلا گەپ ـ سۆزلىرى قولاشمايدىغان خاۋكىڭ ئوپېراتسىيەدىن كېيىن چورتلا گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان. خاۋكىڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ياخشى نىيەتلىك ئالىملار ئۇنىڭغا مەخسۇس كومپيۇتېر پىروگىراممىسى تۈزۈپ بەرگەن، مەخسۇس كومپيۇتېر ياساپ بەرگەن. خاۋكىڭ يەنە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى كاتتا ئەسىرى «ۋاقىتنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب ھازىرغىچە 40 نەچچە تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

خاۋكىڭ 40 نەچچە يىل چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن نۇرغۇن

ئازاپ تارتقان ۋە نەچچە قېتىم گۆر ئاغزىدىن يانغان بولسىمۇ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويمىغان. پالەچ، بىر نەچچە بارمىقىغىلا تايىنىدىغان مېيىپ ھالەتتە تۇرۇپ ئادەتتىكى ئادەملەر قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. « ۋاقىتنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «شاكال ئىچىدىكى ئالەم» ، «گىگانت ئادەمنىڭ مۈرىسىدە» ، «بۈيۈك لايىھە» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. ئەنگىلىيە خان جەمەتىنىڭ «سىر » مەرتىۋىسى ، «خوپكىنس مۇكاپاتى» ، «ۋولف فىزىكا مۇكاپاتى» ، «ئالبېرت ئېينىشتىين مۇكاپاتى» ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئوباما ئۆز قولى بىلەن تارقاتقان «ئەركىنلىك ئوردېنى» . . .قاتارلىق نەچچە ئونلىغان شان ـ شەرەپ ۋە مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئەگەر خاۋكىڭ ھەرىكەت نېرۋا ھۈجەيرە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، چۈشكۈنلىشىپ ۋە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بولسا بۈگۈنكىدەك شان ـ شەرەپ ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيتتىمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئېرىشەلمەيتتى، بەلكىم ئۇنى ھېچكىممۇ تونۇمايتتى. ئۇ ھاياتقا بولغان يۈكسەك مۇھەببەت، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ، تۇرمۇشقا بولغان خۇشال كەيپىيات ۋە باتۇرانە جاسارەت بىلەن ياشىغاچقا بىر مېيىپ ئادەمدىن دۇنيا ئىلىم ساھەسى ئېتىراپ قىلىدىغان كاتتا ئالىمغا ئايلاندى.

شۇنداق، ھاياتتا پۈتۈنلەي داغدام يول يوق. ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشتا ئوخشاش بولمىغان قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتسەك بولمايدۇ. بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئۆزى مەڭگۈ غالىبلاردىن بولالمايدىغانلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. تۇرمۇشقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىساقلا، ئالدىمىزدا يەنە تالاي پۇرسەتلەرنىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر بىر ئادەم مەغلۇبىيەتتىن قورقۇۋەرسە مەڭگۈ غەلىبە قىلالمايدۇ. كىشىلىك ھايات مۇساپىمىزدە ھاياتىمىزنى قەدىرلەپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى توغرا يەكۈنلەپ، ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن قاراپ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشساقلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز، ھاياتىمىزنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلالايمىز.

ئادەم تىرىشسىلا ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدۇ.

بۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى ئابدۇراخمان نىياز

ئاتەشنىڭ ھۆسنخەت ئەسرىنى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسراتىم.

ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەرخىل قىسمەت، ھادىسىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. كۆپنى كۆرگەن ئاتىلارنىڭ « كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەن سۆزى ھەققەتەن توغرا ئېيتىلغان. ئابدۇراخمان ئەنە شۇنداق تەقدىرنىڭ چاقچىقىغا ئۇچرىغان يىگىت. ئۇ ئۇچ ياش ۋاقتىدا تاساددىپىي بىر ھادىسە بىلەن ئىككى قولىنىڭ بىغىشىغىچە بولغان قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئەمما، ئۇ ئىككى قولىنىڭ مېيىپلىقىدىن مەيۈسلىنىپ ئۆزنى يوقىتىپ قويمىغان، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن باشلاپ ھۆسنخەت يېزىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن جاپالىق مەشىق قىلىپ ھۆسنخەت يېزىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان.

ئەتراپىمىزدا ئىككى قولى ساق تۇرۇپمۇ ھۆسنخەت ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى خەتنىمۇ ئوڭلاپ يازالمايدىغانلار تالاي. ئابدۇراخمان ئىككى قولى مېيىپ بولغان ھالەتتىمۇ ھۆسنخەت يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئىنسان بۇشۇكتىن تاكى قەبرىگىچە تالاي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. مەيلى بىز قانداق قىيىنچىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايلى، « قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن ھېكمەتنى ئۆزىمىزگە مىزان قىلىپ تىرىشساقلا ھەر قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز. دوستىمىز ئابدۇراخمان نىياز ئاتەشنىڭ تەسرلىك ئىش ـ پائالىيەتلىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

سەن ھاياتنى سۆيسەڭ، ھاياتمۇ سېنى سۆيىدۇ.

بۇ ئالماس نامانىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھاياتقا قايتىش» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسراتىم.

ھەر بىر ئادەمنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، ئېرىشكەن بەختىمۇ ھەم ئوخشاش بولمايدۇ. ھايات مۇساپىمىزدە بىز ئۇچرىغان ئازاب ـ ئوقۇبەت، قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار ھاياتنىڭ ئەڭ زور بەخت ئىكەنلىكىنى بىزگە ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا كىشىلىك تۇرمۇشنى، ياشىغان ھەر بىر كۈننى قەدىرلىشىمىز، ھاياتىمىزنى گۈزەل مەنالارغا ئىگە قىلىشقا ئىنتىلىشىمىز لازىم.

دوستىمىز ئالماس نامان ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدا تاساددىپىي كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغان، دەسلەپتە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، ھاياتتىن زېرىكىشكە باشلىغان. شۇنداق كۈنلەردە بىر توردىشىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقى ئاشقان. گەرچە ئۆزى مېيىپ بولسىمۇ قەلبىنىڭ مېيىپ ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ، قەلبىدە داۋالغۇپ تۇرغان غەلىيانلارنى ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ياخشى ئەسەرلەر ئارقىلىق ھاياتنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن.

ھايات يولى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي. بۇ يولدا ئادەم ھەر خىل قىسمەت، قېيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بىز قېيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىقىمىزنى يوقىتىپ قويمىساقلا، بەختىيارلىق ئىلكىدە ياشىيالايمىز. ئەكسىچە، كىچىككىنە قېيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي چۈشكۈنلىشىپ كەتسەك، تۇرمۇش ۋە ھاياتتىن قاقشاپ زارلىنىپلا يۈرسەك غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كېتىمىز. شۇڭا، ھەر ۋاقىت ھاياتقا يۈكسەك مۇھەببەت ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىشىمىز، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىدىن نېرى تۇرۇشىمىز لازىم. شۇندىلا ھاياتنىڭ گۈزەللىككە تولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

## ھۈنەر ـ ئىلىم بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچى.

بۇ تۆردى ئەھمەدنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 6 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «مۇشۇنداق ياشىدىم» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ياشلىرىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمما، ھەممىلا ياشنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىشى ناتايىن. بەزىلەر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىسە ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىسا، ئىستىقبالىدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىدۇ. بۇنداق ئويلاش توغرا ئەمەس. ھازىر جەمئىيەتتە ئۆز ئىستىقبالىنى تېپىش، پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش شەرت ئەمەس. سىز مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيالمىغان بولسىڭىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمەڭ. قەددىڭىزنى تىك

تۇتۇپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتىسىڭىزلا، ھاياتلىقتا ھامان كۆڭۈلدىكىدەك تىرىكچىلىك يوللىرىنى تاپالايسىز.

«مۇشۇنداق ياشىدىم» ناملىق ماقالىنىڭ باش قەھرىمانى غوجىئالىم ئەخمەت ئەنە شۇنداق ھۈنەرنىڭ شاراپىتىدىن ھاياتنى ئۆزگىچە مەنالارغا ئىگە قىلغان ياشلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئۇ 1995 ـ يىلى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ مېيىپ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، قىلچىلىك ئۈمىدسىزلەنمەي ھۈنەر ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ باشتا گىلەم، ئەتلەس توقۇشنى ئۆگىنىپ گىلەم، ئەتلەس توقۇغان بولسىمۇ پايدا تاپالمىغان. بىر بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزلۈكسىز بوشاشماي تىرىشىپ خام توقۇشنى ئۆگەنگەن ۋە خامچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلىگەن.

شۇنداق، ئىنساننىڭ ھۈنىرى ـ ئۇنىڭ بايلىقى. ھۈنەرسىز ئەر ھوسۇلسىز يەرگە ئوخشايدۇ. مال ـ دۇنيا تۈگەيدۇ، ھۈنەر تۈگىمەيدۇ. ھۈنەرنىڭ شاراپىتىدىن ئىززەت ـ ھۆرمەتكە، قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولالايسىز. تۇرمۇش دوقاللىرىدا ئۇچرىغان ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كېتەلەيسىز.

ئەجدادلىرىمىز ھۈنەرلىك بولۇش، ھۈنەر ئارقىلىق روناق تېپىش، كىشىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە بۇ ئارقىلىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. ھۈنەرنى ئەرنىڭ قانىتى دەپ قاراپ، ھۈنەرسىز كىشىنى «قاناتسىز قۇش» قا ئوخشاتقان. شۇڭا، ھەر كىشى ھۈنەر، ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىنتىلىشى، ھۈنەر ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلماسلىقى لازىم. شۇندىلا ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى نامايەن قىلغىلى بولىدۇ.

خەلقىمىز ئەزەلدىن ھۈنەر ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى قەدىرلەيدۇ. ھازىر جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ كۆپلىگەن ھۈنەر ـ كەسىپ ماشىنىلاشقان بولسىمۇ، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ قىممىتى پەسلەپ قالمىدى. مەيلى خەلقىمىز ۋە ياكى ئىچكىرى ئۆلكە، چەتئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بولسۇن قولدا ئىشلىگەن، قولدا ياسالغان بويۇملارنى خاتىرە بۇيۇم ئورنىدا باھاسىغا قارىماي سېتىۋالماقتا. قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىنىڭ قەنتىنى چاقماقتا. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھۈنەرنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ.

دوستۇم، ھېچقانداق يەردە جاپا چەكمەي ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرىدىغان ئىش يوق. ئېنىقكى،

ھۆرۈن ۋە ئىش خوشياقمايدىغان، كىچىك ئىشنى ياراتماي، چوڭ ئىشنى قىلالمايدىغان، جاپا تارتماي بىر كېچىدىلا مىليونىرغا ئايلىنىش كويىدا يۈرگەن خىيالپەرەسلەر بۇ دۇنيادا خار ـ زەبۇنلۇقتا ئۆتىدۇ. قانداقلا ھۈنەر بولسۇن، قېتىرقىنىپ ئۆگەنسىڭىز ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ياخشى جارى قىلدۇرسىڭىزلا، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورنىڭىزنى تاپالايسىز. غۇجىئالىم ئەخمەتنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

بىر دانىشمەن: « بەش نەرسە كېلىشتىن بۇرۇن بەش نەرسىنى غەنىيمەت بىل. يەنى قېرىلىق كېلىشتىن بۇرۇن ياشلىقىڭنى، كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن سالامەتلىكىڭنى، كەمبەغەللىكتىن بۇرۇن بايلىقىڭنى، ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھاياتىڭنى، ئالدىراشلىقتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىل» دېگەنىكەن. ئېنىقكى، بۇ بەش نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇلارنىڭ ئورنى ئالماشقاندىن كېيىن بىلىنىدۇ. دېمەك، ئۆمۈر غەنىيمەت.

**(«شىنجاڭ ياشلىرى» نىڭ 2012 ـ يىللىق 9 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.)**

## بىزگە پەلسەپە نېمىشقا لازىم؟(3)

**داۋۇت ئوبۇلقاسىم**

**تورداشلارغا ئىلاۋە:**

پەلسەپە تەپەككۇردا ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇقۇم ئەستەرلىرىدىكى تەبىرلەرنىڭ جالالى، ئۇقۇم كاتگورىيەلىرىنىڭ مەنتىقىسى، مىزانى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. دىنىي ئىلىمدا بۇ ئىلىمنىڭ مېتودولوگىيەسىدىن ئىبارەت موشۇ بىر تارمىقى « ئۇسۇلى دىن» دېيىلىدۇ. دىنىي ئەھلى ئىلىملىرىدە پەلسەپە ئۇقۇمى ئېلىشاڭغۇ، چۈنكى ئىمام غەززالى باشچىلىقىدىكى كىلاسسىك مۇتەسسىپلەر كۆزدە تۇتىۋاتقان پەلسەپە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيەدىن ئىبارەت تەبئىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇم. سەۋەبى ئۇ دەۋرلەردە بۇ پەنلەر پەلسەپەدىن تېخى ئايرىلىپ بولۇپ بولالمىغان. بۇنىڭ خاتالىقى ھەققىدە ئايرىم توختالمايمىز. چۈنكى ئىلىم ـ پەننىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا قارىساقلا ھەممە نەرسە ئايدىڭ بولىدۇ. يەنە دەيدىغان گەپ، ماركسىزم، كاپىتالىزم، مەۋجۇدىيەتچىلىك دېگەندەك ئىدىيەلەر

پەلسەپە ھېسابىغا كىرمەيدۇ، ئىدىئولوگىيە سانىلىدۇ. بۇ قىسقىچە مەلۇماتنى بىرىشتىكى مەقسەت توردىشلارنىڭ بۇ تېمىغا موشۇنچىلىك بولسىمۇ ساۋادقا ئىگە بولۇپ كىرىشىنى تەۋسىيە قىلماقتىن ئىبارەت. ناۋادا بۇ تېمىدىكى نۇقتىئى نەزەرلەرگە قايىل بولمىغان ۋە بۇ تېمىدا مۇنازىرە قىلالىغىدەك بولساڭلار بىز كۆرشۈپ مەسىلىنى تەڭ ھەل قىلساق بولىدۇ. ئەگەر مەسىلىنى ھەل قىلالىمساق پىكرىمىزنى ساقلايمىز، ئىزدىنىمىز خالاس. مەن داۋۇت ئوبۇلقاسىم بۇ جەھەتتە ھەرقانداق ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ھازىر.

## بىز ئەر ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ؟

نەدە ئاڭلىغىنىم ئىسىمدە يوق . بىر يىللاردا شۇنداق بىر يۇمۇر ئاڭلىدىم . شۇ يىللاردا داغىستاننىڭ بىر شەھىرىدە شۇ جايدىكى رۇسلار بىلەن بىلەن يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سۈركۈلۈش بولۇپ جېدەل يوغىناپ بىر ـ بىرىنى توپلىشىپ كىلىپ ئۇرىدىغان ئەھۋاللار بولۇپتۇ. شۇ شەھەرنىڭ مۇسۇلمانلار توپلاشقانىراق جايىدا بىر مەسچىت بار ئىكەن. ئۇ كۇنى تازا دىگەر نامىزى تارقىلىۋاتقان چاغدا بىر توپ ئادەم مەسچىتنىڭ ئالدىغا باستۇرۇپ كەپتۇ. ئەمدىلا مەسچىتتىن تاراۋاتقان جامائەت دالدىلىنىش ئۈچۈن ئالدىراپ سالدىراپ مەسچىتكە كىرىپ كىتىشىپتۇ. بىر توپ كىشىنىڭ مەسچىتنىڭ ئالدىغا باستۇرۇپ كەلگەنلىگىنى كۆرگەن ئۆتكەن ـ كەچكەن 6 ـ 7 يەرلىك مۇسۇلمان ياشلىرى يۈگرەپ كىلىپ باسقۇنغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۆتۈپ كېتىۋتىپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان مودا كىيىنگەن بىر ئايال كىشى قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ـ دە مەسچىتكە يالاڭباشتاقلا كىرىپ،

__ ھەي سىلەرمۇ ئەرمۇ؟__ دەپتۇكەن، ئىشتاننى ئۇشقىدىن ئاشۇرماي كىيىپ، بولىشىغا ساقال قويىۋالغان بىرسى كۆزىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرۇپ:

__ ئاچا ماۋۇ دىگەن تەرەت ئېلىپ كىرىدىغان مەسچىت. سىزدەكلەر قالايمىقان جۆيلۈيدىغان يەر ئەمەس، گەپنى توغرا قىلىڭ! بىز ئالدى بىلەن مۇسۇلمان، ئەر ئەمەس، __ دەپتۇ. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق جاۋاب ھازىرلىقىدا ياشايدىغان قارا يۇمۇرجانلار داغىستاندا ئەمەس، بىزدىمۇ كەڭرى . لېكىن بۇ نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇنداق يۇمۇرىستىك نادانلىقنىڭ دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ مەلۇمكى ئەر ئۇقۇمىنىڭ قارشىسى ئايال ئۇقۇمى بولۇپ، بۇ

يۇمۇردىكى تەنتەك؛ مەن يۇرگەمگە ئەمەس، نەقلگە ئەگىشىمەن، دىمەكچى بولغان ئەسلى مەسلىكىنى، جۈملە مەنتىقىسىدە مەن ئايال دەپ كىلىشكە تېگىشلىك كەلمىنىڭ ئورنىغا يۇقۇرقىدەك «مەن مۇسۇلمان» ئىبارىسىگە ئالماشتۇرۇش بىلەن ئىپادە قىلىپ، بىلىپ ـ بىلمەيلا زور بىر يۇمۇرىستىك ئۇخشۇتۇش بوشلىقى شەكىللەندۇرگەن. راست مەيلى نەقلىي يول تۇتۇلسۇن ياكى ئەقلىي يول تۇتۇلسۇن ھىچقايىسسى ئىنساننى ھەقىقىي ئەر ھەتتا ھەقىقى ئىنسان قىلالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرەكنى دۇپۇلدەتكەننى ئىزدەشنىڭ قوراللىرىدۇر. بىر جەسەت ياكى مۇردا مەيلى نەقلىي يولنى تۇتقان بولسۇن ياكى ئەقلىي يولنى تۇتقان بولسۇن، بۇ بەرىبىر ئەھمىيەتسىزدۇر. شۇڭا ھەقىقى مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسى مۇھەممەت سەللاللاھۇ ئەلەيھىۋەسسالام ئۇغلى ئىبرايىم ۋاپات بولۇپ، يۇم ـ يۇم يىغلاۋاتقىنىدا يېنىغا كېلىپ« ئىبى ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەن بىزگە ئۆلگەنلەرگە يىغلىماڭلار» دىمىگەنمىدىڭ دىگەن ساھابىگە: «مەن سىزلەرنى كۆڭلى يېرىم بولۇشتىن ئەمەس، داد پەرياد ئېتىشتىن توستۇم. مىنىڭدە كۆرۈلگەن بۇ ھال قەلبىمدىكى سۆيگۈ ۋە مەرھەمەتنىڭ ئەسىرىدۇر... مەرھەمەتكە ناقابىل كىشىگە باشقىلارمۇ مەرھەمەت كۆرسىتەلمەيدۇ» دىيىش بىلەن بۇ خىل تەپەككۇر مىتودىنى رەت قىلىشنى سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان ئىدى. خوش، ئەسلىي تەپەككۇر مىتودىنىڭ گىپى تۈگىدى. ئەمدى بۇ يۇمۇردا ئىشلىتىلگەن ئۇقۇملارنىڭ كاتىگورىيە جەھەتتىكى بىمەنىلىكى قانداق بولىدۇ؟

دۇنيادا ھەقىقەتەن ئۇ دىگەندەك «ئالدى بىلەن ئەر ياكى ئىنسان ئەمەس، مۇسۇلمان » بولىدىغان ئىشمۇ بارمۇ؟ مەلۇمكى ھەرقانداق بىر مەۋجۇت ھال كاتىگورىيەسى مەئەييەن بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇئەييەن بىر مىزانغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ، مەسلەن، قولىمىزدىكى كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ ئوينايدىغان رولىغا قاراپ؛ مۇقاۋا، تېتول، نەشر ھوقۇقى بېتى، مۇندەرىجە، تېكىست بەتلىرىگە ئايرىلىدۇ، تەركىبى نۇقتىسىدىن يەنە شۇ كىتاب قەغەز، سۈرەت، خەتكە ئايرىلىدۇ. ناۋادا «ئوينايدىغان رول» ياكى «تەركىپ» دىگەندەك مىزانلار ئەھمىيەتسىز بولسا، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتىلىدىغان ئۇقۇملارمۇ تەڭلا ئەھمىيەتسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما مىزانغا نىسبەتەن ئوتتۇرغا چىققان ئۇقۇملارنىڭ رىتى ۋە سانى ئۆزگۈرۈپ قالىدىغان، بىرسىنى مۇەييەنلەشتۈرۈپ يەنە بىرسىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىش

بولمايدۇ. يوق نەرسىنى كاتېگورىيەگە ئايرىيدىغان ئىشمۇ بولمايدۇ. مەلۇمكى، ئىنسانلار ئالدى بىلەن ھەر جەھەتتىكى يېتىلىش دەرىجىسىگە قاراپ بوۋاق، بالا، ئۆسمۈر، قورامىغا يەتكەن، يېتۈك ياكى ئادەتتە قىسقارتىلىپلا بالا، چوڭ ئادەم دەپ ئايرىلىدۇ. فىزىلوگىيەلىك پەرقى، بۇنىڭغا يارىشا ئائىلىدىكى، جەمىيەتتىكى بۇرچىغا، بۇرچىغا يارىشا خارەكتېرىغا بېقىپ ئەر، ئايال دەپ ئايرىلىدۇ. بۇرچ بىلەن ئەر، كۈچ بىلەن ئەل بولىدۇ. ئەل جامائەتنىڭ ئىرادىسى، سىياستى ۋە تەبىئىتى بىلەن مىللەت بولىدۇ. بىر پەيتتىكى كەسمدە ئىجتىمائىي تەبىئىتى ۋە ئىشلىتىدىغان تىلى نۇقتىسىدىن مىللەتلەرگە بۆلىنىدۇ. ئاندىن ئىدىئولوگىيە تۇتقان يولى بويىچە ماركسىزمچى، ناتۇرالىست، خرىستىيان، بۇددىست، مۇسۇلمان دېگەندەك ئۇممەتلەرگە بۆلىنىدۇ. ئوبېيكتىپ ئىنسان كاتېگورىيەسىدىكى ئەر ـ ئايال، ئۆسمۈر، بالا دېگەندەك ئۇقۇملارنى ماركسىزمچى ، ناتۇرالىست، خرىستىيان، مۇسۇلمان دېگەندەك سوبېيكتىپ ئىنسانلىقنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلىنسا، بۇ يوق نەرسىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا مەۋجۇتلىغى مۇكەممەل بولمىغان نەرسىنى كاتېگورىيەگە ئايرىغاندەك ئىش بولىدۇ. شۇڭا «بىز ئالدى بىلەن مۇسۇلمان، ئەر ئەمەس» دېگەن بۇ جاۋاب، ئۇنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشىگە توڭ غورىنى ئاجايىپ شېرىن دەپ ماختاۋاتقان سودىگەرنى كۆرىۋاتقاندەك تەسىرات بەرمەي قالمايدۇ. دۇرۇس، «بىز ئالدى بىلەن مۇسۇلمان، ئەر ئەمەس» دېگەن بۇ جاۋابنىڭ ئورنىدىكى ئەر ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا ئوخشاشلا ئوبېيكتىپ ئىنسانلىق كاتېگورىيەسىدە كېلىدىغان مىللەت ئۇقۇمنى ئالماشتۇرساق، بۇنداق يۇمۇرىستىك ئەھۋالنىڭ بىزدە نەقەدەر كەڭلىكى مانا مەنلا دەپ چىقىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بىز ئەرمۇ، مۇسۇلمانمۇ؟ دېگەن بۇ سۇئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب قانداق بولسا، يېقىنقى مەزگىللەردە دىيارىمىزدا ئەۋج ئالغان بىز ئۇيغۇرمۇ، مۇسۇلمانمۇ؟ دەيدىغان بۇ كەڭ ئۇچرايدىغان سۇئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپ شۇنداق بولىدۇ، يەنە كېلىپ كىشىلەر ھەرقانچە نادان بولسىمۇ ئەر ـ ئايالدىن ئىبارەت ھايۋانلىقتا ئەڭ يېقىن بۇ ئۇقۇمغا نىسبەتەن يەنىلا مۆەييەن سەزگۈرلىكتە بولغاچقا بىز ئۇيغۇرمۇ، مۇسۇلمانمۇ دەيدىغان بىمەنە سۇئالغا، بىز ئەرمۇ، مۇسۇلمانمۇ؟ دەپ كىرىشسە مەسلىنى تېخىمۇ ئاسان ئايدىڭلاشتۇرىۋالالايدۇ. ئەلۋەتتە ئايدىڭلاشماي گەپتانلارنىڭ دۆڭى بولۇپ تۇرىۋەرسىمۇ بولىدۇ؛ بۈگۈنكى كۈندە دوختۇرلۇق تېخنىكسى يۇقىرىلىدى.

ئەر بولۇشقا زورۇقۇپ قالغانلار ئايالىلقنى تاللسا ئشمۇ پۇتتۇرىدۇ. جامائەتچىلك، سۇسلىدى چوڭ بولۇشنى خالىمغانلار يوسۇنغا ئۆزىنى زورلىماي بالا بولۇپ يۇرسىمۇ كۇن ئۆتىۋىرىدۇ. ھەر ئەرنىڭ «سۇرىنى قانۇن ھۆددىگە ئالدى»، ئەمدى يىگىت سىياقىدىكىلەر يۇمشاق دەسسەپ، ئىنجىمارۇق بولۇپ يۇرسىمۇ بىرەرسى ئائىلىسىگە باسقىن تۇزىمەيدۇ. قىزلار نازاكەتسىز تومپايلارغا ئايلانسىمۇ، ئۇنىڭ دىپلومى، مۇئاشى، ئۇنىڭغا ئالاقىدارلاردىكى تۇيغۇ گالىلقى بۇ كۆرۈمسىزلىكنى كۆزگە چېلىقماس قىلۇۋتەلەيدۇ. بۇ ئىشلار كەمسىنىش، بىنورماللىق تۇيغۇسى، ئەنسىزلىك پەيدا قىلمايدۇ. قورساق تويغۇزىرىدۇ، كۇن نورمال ئۆتىۋىرىدۇ. ئەمما مۇكەممەل ئىنسانلىق ئۆلچىمى ئېتىبارسىز قالغاچقا شەھەرلەردە، «شەھەر كۆرگەنلەر»دە، غەرىپكە غەرىقلەر دەۋاتقان ئاتالمىش «دېمۇكراتىيە»نىڭ خلىسىز ئاياق كىيىش، ئاچمايدىغان يەرلەرنى ئېچىپ يۇرۇش دېگەندەك «ئىجابىي» ئۆرنەكلىرى مەيدانغا چىقىۋىرىدۇ. يېزىلىرىمىزدىكى «ياخشىلار»نىڭ ئەھۋالى ھازىرچە، مەلۇم بىر يىلى قومۇلدا يۈز بەرگەن مۇنۇ ۋەقەلىكتىن ئۆزگىچە بولۇپ كەتمەيدۇ.

بىر يىلى ئاتالمىش بىرنەچچە «تەقۋا» ياشلار كېتىۋتىپ، يولدا يېنىدا قىڭراق ساقلاپ يۇرۇيدىغان بىر تەلۋە لۇكچەك بىلەن نىمىسى نىمە بولغان جىدەللىشىپ قاپتۇ. بىرنەچچىسىگە قىڭراق تېگىپتۇ. ئاردىن بىرسى قاندىغى قانداق بولغان قىڭراق تۇتقان تەلۋىنى ئارقىدىن كىلىپ قۇچاقلىۋاپتۇ. ئەمما شۇ چاغدا قىڭراقچىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ بەك «تەقۋا» قارىم ئۇنى ئۇرماي مۇشتىنى كۆتەرگىنىچە قاراپ تۇرۇپتۇ. پەيت كىتىپتۇ، قىڭراقچى ئىككىسىدىن بوشۇنۇپ قىڭراقنى تېخىمۇ بەك تەھلىكىلىك شلىتىپ ئۇلارنى سۇرۇپ توقاي قىلغاندىن كىيىن غالىپ ھالدا كېتىپتۇ. كىيىن جاننى ئالقانغا ئېلىپ كەينىدىن قىڭراقچىنى قۇچاقلىغان بالا زەردىسى قايناپ؛ تەييار قىلىپ تۇتۇپ بەرسەم نىمىشقا ئۇرمايسەن دەپتىكەن مۇش كۆتۇرۇپ قويۇپلا تۇرغان قارىم «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىنىڭ يۈزىگە ئۇرماڭلار » دېيدىغان ھەدىسى يادىمغا كىلىپ قالدى دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ نېمىدىگەن تەسىرلىك يۇمۇر ـ ھە.

شۇڭا ئاۋامنىڭ ئۇقۇملىرى ۋە پىكىر ئەندىزىلىرى بويىچە ئېيتقاندا ئىنسان ئالدى بىلەن كۇلىدىغاندا شاپىدە كۇلەلەيدىغان، ۋاقرايدىغاندا دەرھال ۋاقرىيالايدىغان، تەبئىتى بېجىرىم،

خارەكتېرى تىك، جاسارىتى بار ئەر ياكى نازاكىتى بار ئايال بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ مەسلىكى، دىنى، يولى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھەرقانداق چاغدا نادىر ئىنسانلاردىن بۇ جەھەتتىكى سۈلەتنى كۆرەلىسۇن ۋە ئۆزىگە تەدبىقلىيالىسۇن. يۇقۇرىدىكى يۇمۇردىكى تەنتەككە ئۆتىدىغان ئىبارىلەر بىلەن دېيسەك بۇنىڭ مۇھىملىقى ئۈچۈن يادىمىزدا بولسۇنكى؛ قۇرئان كەرىم ئات ـ ئىشەك، قوي ـ ئۆشكىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلىق بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن ئىنسانلارغا ئېزىزلىق ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن. يەنە كېلىپ «قۇرئان ئىنسانلار ئۈچۈن بىر بایاندۇر، تەمكىنى بارلار/ تۇرغۇنلار ئۈچۈن بىر ھىدايەت، بىر تەلىمدۇر»[1]دىگەن ئايەتتىكى تەمكىنى بارلار ئىبارىسى پىشقان خارەكتېر بىشارىتىدە ھەم رەسۇلىلا سەللاللاھۇ ئەلەيھىۋەسسالام ئىسلامنى تۇنجى بولۇپ كۆرگەنلا كىشىلەرگە ئەمەس، بەلكى خارەكتېرى پىشقان ، ئىنسانلىق شەرىپى كامىل كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ھەقلىقلىقىنى كىشىلىك شەرىپىنى شىپى كەلتۈرۈپ دەلىللەشتىن ئايانمىغانتى. كېيىنكى ئۇچۇق دەۋىتىمۇ باللارغا ئەمەس، چوڭلارغا بولغان ئىدى. شۇڭا بۇ باسقۇچ ئوڭۇشلۇق بېسىلماي خارەكتېرى يېتىلمىگەن، پىكرى بۇزۇق، تۈيغۇسى كېسەل سۈرىتىي ئىنساننىڭ ، گۆدەكلەرنىڭ مۇسۇلمانلىق مەسلىكى ۋە «ئىسلامىي سۈرەت»نى بىلىپ، بىلمەي قورال ـ جابدۇق قىلىشى ئەمەس، مۇشۇ باسقۇچنى ئوڭۇشلۇق بېسىپ كەلگەن ئىنساننىڭ كەلىمە شاھادەت ئېيتقانلىرى ئاندىن بىجىرىم مۇسۇلمان بولالايدۇ. بولمىسا يە ياخشىلىغىنى، يە يامانلىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر بىرىدىن پەرىقسىز ئوماچتەك ئىنسانلار، نەگە ھەيدىسە شۇ يەرگە ماڭىدىغان پادىسىمان يۇمشاقباشلار، مەنىۋى زەرەرنى ھېس قىلمايدىغان قول ـ چۆرىلەر، كۆچسىزلىغىدىن ئۆزىدىن ئۈركۈپلا ياشايدىغان مەھكۇملار، زاھىرى ئەمەللەرنى تۇتۇش ئىرادىسىلا سۆيۈملۈك دوگمىلار، تاج تاقىغان قوڭالتاقلار، قوڭى ئوچۇق ماجان بۇۋىلەر، ساۋاب تىجارەتچىلىرى، شاپتۇلنىڭ قەستىدە ھەر سىياقتا بولالايدىغان جىن ـ شاياتۇن... ۋاھاكازالار ئاۋۇپ ئېزىزلىقنى شەرەپسىزلىكنىڭ تېگى يوق ھېڭىغا تاشلايدۇ. شۇڭا بىزدىن بۇ خىلدىكى ئىنسانلىق سۈرەتنىڭ ئىسلامغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغانلىقىنىڭ مىساللىرىنى ئوڭايلا تاپقىلى بولىدۇ. ھەتتا تاپقىلى بولۇدۇلا ئەمەس، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ دىنىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئىنساننى، ئۆزىنى تەجەللى قىلىش، ھەر مۇقام ۋە ھاللاردىكى جامالىغا، كامالىغا ئىنتىلىش دېگەندەك ئىنسانىي

تۆيغۇلىرىمىزنى دەپسەندە قىلىشقىچە ئىلگىرلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيدىغان ۋە سېزىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر ھېلىھەممۇ ئارىمىزدا بار . ئاددىسى غەرپ دۆلەتلىرىگە بېرىپ «دىبو» ياكى «بالىلارنىڭ بېقىلىش پۇلى»نى يەپ مەخسۇس مۇسۇلمانلارچىلىق قىلىۋاتقان «مۇسۇلمان»لارنىڭ غەرب گېزىتلىرىدە كەسىپي؛ ناماز ئوقۇش. دىيىلىپ يېزىلىشلىرى مىنى تالاي قېتىم ئىزا تارتقۇزغان. دىيارىمىزدا مولللىنىڭ بوكسىيور توغرىسىدىكى «پەتىۋا»سى بىلەن بوكسىيوردىن رايى يېنىپ ئېلانغا رول ئېلىش ئۈچۈن چۆرگىلەپ يۈرگەن تالانتلىق بوكسىيورچىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچسەڭ بولامدۇ؟ شەرەدە تاماق يىيىش توغرىمۇ؟ دېگەندەك سۇئاللارنىڭ كىشىنى ئىسيانغا زورلايدىغان تەرىپىنى پەقەتلا نەزەرگە ئالماي، قۇللارچە قىلىنغان مۇنازىرىلەرنى ئۆز قۇلۇقىم بىلەن ئاڭلىغان. ئەقەللىيەتتە شەرىپى بار ئىنسانلارغا تارتىلىدىغان «نەزىر»لىرىمىزنى بەش ئەزاسى بىجىرىم تۇرۇپمۇ كوچا - كويلاردا شەرەپسىزلارچە ئولتۇرۇپ تىلەيدىغان «تىلەمچىلەر»نىڭ ھەققى ھېسابلايدىغانلارنى ۋە ئۇلارنى ئاشۇ پاسكىنىچىلىقى، بەت - بەشىرىلىكى بىلەن شەرەپلىك ئىنسانلارنىڭ داسقىنىغا باشلاشنى «تەقۋا»لىق ھېسابلايدىغانلارنى، بۇنىغۇ مەيلى دەيلى، ھەتتا ئىنسانلىق ھەق - ھوقۇقلار ئۈچۈن تەسىرلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن كىشلەرگە، «بۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھ دەپ مۇشۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا - ھە» دەپ ئۆكۈنگەن ئۆكۈنۈشلەرنى تالاي قېتىم ئۇچراتقان ھەم بىرنەچچە يىلنىڭزى بۇنداق پەسكەشلىكنىڭ بۇ تەرزىدە مىللىي ئېڭىمىزغا زەھىرىنى چاچقانلىقىنى ھەممىمىز بىرلىكتە ئوچۇق ئاشكارە ھالدا كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

بەرھەق «بىز ئالدى بىلەن مۇسۇلمان، ئەر ئەمەس» جۈملىسىنىڭ كەيپىياتىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىۋاتقىنىدەك ئىنساننى چۆكۈرۈش، يۈلتۈزنى چۈشۈرۈش ھېسابىغا نىيەتتىكى نەرسنى ئۇلۇقلاش، بۈيۈك كۆرستىش ئۇسلۇبى، ئەرەپلەر بولۇپمۇ پارىسلارنىڭ ھەتتا ئارىمىزدىكى بەزى ئاتالمىش «موللا - ئۆلىما»لارنىڭ سىياسىي ۋە ماددىي پايدىلىرى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ۋاستە قىلغانلىقى تارىختا كۆرۈلمىگەن ئىش ئەمەس. «بىلىمدار»لارنىڭ «نادان»لارنى مەغرۇر ھالدا قارا تورۇكلەر دەپ ئاتىشى، بىلمىگىنىمىزدە بوينىمىزنى پۈكۈپ ناھايىتى تەبئىلا مەن بىر قارا تۈرك دەيدىغان بولۇپ كىتىشىمىز... ۋاھاكازالار، بۇنىڭ ناھايىتى چىلىقشلىق بەلگىسى. ھالبۇكى شۇ تارىخلاردا بىز ئۆزىمىزگە ئۆلگە

قىلغان مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھىۋەسساللام ماۋۇ مۇۋۇ شەرتنى ئادا قىلساڭ مۇسۇلمان، بولمىسا ئەمەس دەپ كەلمەستىن، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە ئېزىلىۋاتقان قۇللارغا، ئىنسان ئورنىدا كۆرۈلمەيۋاتقان ئەر ـ ئاياللارغا، ئۆزىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقىنى، كىشىلىك ئىززىتىنى تونۇتۇش، كىشىلەر چوقۇنىدىغان بۇتلارنى ئارقا تېرەك قىلىپ زالىملىق قىلىۋاتقانلارغا ھەقىقىي ئىنسانلىقنى بىلدۈرۈش بىلەن ئۆز تەلىمىنى باشلىغان ۋە ئەڭ ئالدى بىلەن ھۆرلۈك جەڭچىسى، كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىسى بولۇپ ئوتتۇرغا چىققان ئەمەسمىدى؟ يەنە كېلىپ يۇقۇرقى ناتوغرا كەيپىيات ئىزچىل تەنقىدلىنىپ كېلىۋېتىپمۇ، بۈگۈنكى كۈندە يەنە نېمىشقا باش كۆتۈرۈپ قالىدۇ؟ ئېتقاد مەسلىسى دەرىجىسگە كۆتۈرۈلۈپ «مەن ئۇيغۇر ئەمەس، مۇسۇلمان» دېيىلىپ، ئوبيېكتىپ ئىنسانلىقنىڭ چېگرىسىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئىنساننى مۇكەممەلسىز ھالدا قالدۇرماقچى بولىدۇ؟

ئۇزۇن تارىخلار مابەينىدە خەيرلىك ئىشلارنىڭ ئادەتلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مىللىي تەبىئەتكە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم ئىسلامىي ئۆرپلەر ئالىلقاچان مىللىي ئۆرپ ئادەت بولۇپ، خېلى مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ بولغان ئىدى. ھالبۇكى يېقىنقى دەۋرلەردە باش كۆتۈرگەن ئۆزىمىز ھەققىدىكى قايتا ئويلۇنۇش ۋە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى قالاق ۋە مۇتەەسسىپ موللىلاردىن يىرگىنىش پىسخىكىسى، يېقىنقى مەزگىلدە تەبىئىلا شۇ دەۋردىكى دىن ۋە ئۆرپلەردىن گۇمانلىنىش، ئۇلار بىلەن چەك ـ چېگرا ئاجرىتىش پىكىر يولىنى شەكىللەندۇردى. گەرچە تارىخ، مىللىي ئۆزلۈك جەھەتتە بۇ قايتا ئويلىنىش ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخلىرى، نۇرانە خارەكتېرلىرى قايتا يورۇتۇلغان ۋە بۇ يورۇتۇلۇش خوجانىياز ھاجىغىچىلىك كەلگەن بولسىمۇ، دىنىي ساھادە بۇ خىل قايتا ئويلۇنۇش ئىجابىي نەتىجە ئېلىپ كەلگەندەك چوڭقۇرلۇقتا يېتەلمەي، ھېسسىي، ھەتتا سەلبىي تېيىزلىقتىلا توختىۋالدى. دىنىي تەپەككۇر ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىن جەھەتتىكى كامالىتىنى قايتا يورۇتۇپ كۆرسىتىش يولىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزگە مۇتئەر كۆرۈنگەن دولەتنىڭ پەتىۋاسىنى دەستەك قىلىپ، ئاتا ـ بوۋىلارنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا 1000 يىلىنكزى ئەڭ ئەقەللى دىنىي ئۆرپلەرنىمۇ تۇرغۇزالمىغانغا چىقىرىش، مىللىيلاشقان ئىسلامى ئۆرپ ۋە پائالىيەتلەرنى بۇزۇپ ـ چېقىش، پۇتونلۈكنى پارچىلاش، يەمچۈكلىرىنى جايلاشتۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. دىنىي

مائارىپنىڭ بىز ئويلىغاندىنمۇ ئاجىز ھالدا بولمىقى، خەلقنىڭ بولۇمسىزراق بالىلىرىنى دىنىي ساھەگە دەۋەت قىلىشى، جەمىيەتتىكى ھەرىكەتچان ئەمما نەزەرىيەۋى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا گال بالىلارنىڭ بۇ ساھەگە كىرىشىنىڭ كۆپ بولۇشى، كالىلغا كەلگەن سوئال، مۇكەممەللىككە بولغان تەلپۈنۈش ئەمەس، چۈشۈنۈكسىزلىك، ياشاش بېسىمى پىسخىكىسىنىڭ قىستىشى بىلەن ئىلىم ئىشقىدا ئەمەس، پەتىۋالار قورۇقىدا ئاراملىق تېپىش ئىستىكىدە دىندار بولغانلارنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك بۇنداق سەلبىيلىك تېخىمۇ مۇدھىشلەشتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئامېرىكىنىڭ ماھىيەتتە مېلىنى سېتىپ، پۇلىنى تېپىش كويىدىكى ئىقتىساتنى يەرشارىلاشتۇرۇش مەپكۇرىسىگە ئۇستىمۇ ـ ئۈست چۈشىدىغان ۋە شۇنىڭ جىنسىدىن بولغان بىر قىسىم دىن تونىغا ئورالغان تەرغىباتلار نېمە ئۈچۈنكىن رايونىمىزدا سالىھ مۇسۇلماندارچىلىق، تەقۋالىق دېيىلىپ تەرغىپ قىلىنىدىغان بولدى. قەدىمكى دىنىي ئالىملىرىمىزنىڭ شارائىتى، ئىلمى ۋە دىنىي قۇۋۋىتىگە تەڭ كېلەلىگۈدەك بىرەرسى چىقماي تۇرۇپمۇ، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى، مىللىيەتلەشتۈرگەن ئۆرپلىرىنى، يوسۇنلىرىنى، پەتىۋالىرىنى رەت قىلالايدىغانلار ئاۋۇپ كەتتى. مۇشۇ يېقىنقى مەزگىللەردىكى 1000 يىللىق تارىخلىرىمىز جەريانىدا ئاللىقاچان مىللىي خارەكتېرلىرىمىز بىلەن كامالىي بىرلىشىپ كەتكەن ئۆرپلىرىمىز تەپ تارتىش يوقلا، چېقىلىپ يېپيېڭى نەرسىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن ، بوشۇك تويىنىڭ ئەسلى قىممىتى، ئەسلى شەكلى توغرىسىدا ئويلايدىغانلار يوق. ئەقىقە ئۇقۇمىغا زىيادە زورۇقۇش ئاۋۇپ باردى. ياغلىق چىگىش ئۆرپىنىڭ ئەسلىنى ئەسلەيدىغانلار يوق «يېپيېڭى ھىجاپ ئۇسۇلى» باش كۆتەردى. ماھىيەتتە «ئىنسان قېلىپ» ئۆزىدىن «نوچى، بىلىملىك، سۆلەتلىك» كۆرۈنگەنلەرنىڭ يوسۇنى، كىيىم ـ كېچكى تەكىتلەندى. ئۆزىدىكىسى ناچار، خەقتىكىسى ئېسىل كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خەقتىكى ئارقىلىق ئۆزىنى پەدەزلەش ئۇدۇمغا ئايلانغىلى تۇردى. ھالبۇكى مىللىي ئۆرپلىرىمىزنى، بۇنىڭ سەمەرىسىدە مىللى پىسخىكىمىزنى، مىللىي خارەكتېرىمىزنى چۆلگە تاشلاپ قويىدىغان بۇنداق ئىشقا يول قويغىلى بولمايتتى. خارەكتېرى بولمىغاننىڭ، پىشمىغاننىڭ، ئۆرپلەرگە بولغان سەزگۈرلۈكى، جامائەتلەشمىگەننىڭ ئاخىرقى ھېسابتا دىنىنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. دۇرۇس، تۇغۇچنى قوغدىماق، جورۇقى بار بولماق، ھەرھاللاردىكى جامالىغا ئىنتىلمەك،

كامالەت بىلەن خاسىيەت ياكى ئۆزگە خاس خاراكتېرىنى تاپماق ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىنسانىي بۇرچى. ئىنسان ئالدى بىلەن بۇ بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۆزىدە نېمە بولسا شۇنى ئىجرا قىلالايدىغان، تۇتالايدىغان بولسۇن. بۇ يوغان يەرگە ئېسىلمىدىڭ دەپ ئىنسان تەبىئىتىگە، مىللىيىتىگە، خارەكتېرىگە، غۇرۇرىغا زەھرىنى چېچىش بىلەن بولمايدۇ. بەلكى بۇلارغا ئىكرام كۆرسەتمەك بىلەن بولىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرلەپ ماۋزۇيىمىز بويىچە بۇ جەھەتتىكى ئىجتىھاتىڭلارغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن بۇنىڭغا قوشۇپ « قانداق قىلىش كېرەك » ناملىق ماقالىنىڭ < ئۆيى يوقنىڭ ئۆيى يوق> ماۋزۇ ئاستىدىكى تۆۋەندىكى ئۆزۈندىنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار. «يېقىنقى دەۋردە نېمشقىكىن بۇنىڭ ئەكسىچە مىللەتنى ئېتراپ قىلمايمىز، دۇنيادا مۇسۇلمان كاپىر دەپ ئىككىلا مىللەت بار دەيدىغان نادان مولللىچاقلار پەيدا بولدى. ھەتتا قەشقەردە مېھماننى مۇسۇلمانلار، ئۇيغۇرەكلەر دەپ ئىككى خىل چاقىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرمۇ قۇلاققا كىرىپ تۇردى. بۇ دەرىجىدە ساپاسىز كىشلەر بىلەن ئەلۋەتتە مۇنازىرە قىلىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما بۇ گەپنى قانداق بىر «مۇتەپپەككۇر»نىڭ ئوتتۇرىغا تاشلىغانلىقىنىمۇ تۈزۈك ئىلغا قىلغىلى بولمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىنى شىنجاڭدىكى مولللارنىڭ ئالدى دەپ چاغلايدىغان بىرسىنى تېپىپ گەپتانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ توغرىدا ئۇنىڭغا قىسقا ۋە ئۇدۇللا تەنبىھ بەردىم. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇشۇ مەسلەكتە ئىكەنلىگىنى ئېنىقلىدىم. ئاندىن ئۇنىڭدىن ناھايىتى ھۆرمەتسىزلىك بىلەن بىر سۇئال سورايمەن سۇئالنىڭ نازاكىتىنىڭ يوقلىغى ماڭا مەلۇم. بۇ توغرىدا مۇنازىرلەشمەيمىز. ھەم سۇئالدىكى بىئەدەپسىزلىكتىن ئاچچىقلاشمايمىز. پەقەت سۇئالنىڭ ئۆزىگىلا جاۋاپ بېرىلا دەپ شەرت قويدۇم. ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىن، __ بىز ئىسلامى رەسمىيەت بويىچە نىكاھلانغانلاردىن بولغان باللارنى ھالالدىن بولغان دەيمىز. لاما دېنىغا ئېتىقات قىلىدىغان بىر جۈپ قالماق ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ مىللى ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە توي قىلدۇ. ئىسلامى چۈشەنچە بويىچە بولغاندا ئۇلاردىن بولغان بالىنى ھارامدىن بولغان دەيمىزمۇ، ھالالدىن بولغان دەيمىزمۇ؟ __ دەپ سورىدىم. ئۇ ئېرەڭسىمەيلا، __ نېمە بولسا بولمامدۇ؟ __ دەپ كۈلۈپ، __ كاللىنىڭ ئىشى بار دەيمەن، يوقلاڭ گەپنى سورىماي، نەق گەپنىلا سورىسىلا، __ دېدى. مەن سۇئالىمنى باشلىدىم. __ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاشۇ قالماقلاردەك مۇشرىك

ئىكەنلىكىنى بىلىلا شۇنداققۇ دەيمەن،__ دىدىم. ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن، __ شۇنداق__ دەپ جاۋاپ بەردى. مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم ئۇنداقتا يۇقىرىقى قالماقلارنىڭ بالىسى توغرىسىدىكى سۇئالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىۋەسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىغا قارىتىپ سورىساق، بۇنىڭ جاۋابى ئەمدى قانداق بولىدۇ؟__ دېدىم. ئۇ خېلىبەك قىزاردى. جاۋاپ بېرىشكە قاتتىق قىينالدى. مەن جاۋابنى دەپ بېرەي، __ ئەلۋەتتە ھەر ئىككىسى قانۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامى چۈشەنچىدە ھەركىم دىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ئادىتى بويىچە توي رەسمىيىتىنى بېجەرگەن بولسىلا بۇ نىكاھ قانۇنلۇق، تۇغۇلغان بالىلار ھالال بولىدۇ، ئەكسىچە بۇ قالماقلار ئۈرۈمچىگە ساياھەتكە كېلىپ ئىسلامى رەسمىيەت بويىچە توي قىلسا بالىسى ھالال بولمايدۇ. سىلىنىڭ بۇنىڭغا ھازىر بىرنېمە دېيىشلىرى ھاجەت ئەمەس، كىتاب كۆرسىلە ئاندىن بىرنېمە دېسىلە، __ دېدىم. ئۇ يەنە ئويلىنىشقا كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن «شۇنداق بولىدىكەن» دەپ كەلدى. كۆرۈۋىلىشقا ھەر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئىسلامى نۇقتىئى نەزەردە ئەسلى ئاشۇنداق نوپۇزلۇق نەرسە، ئىسلام ئەھكاملىرىغا مۇخالىپ بولمىسىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ نوپۇزىدىن قالمايدۇ. نىكاھنى تۆت ئادەم ئوقۇپ قويسىلا، قالغىنى قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس. مۇشۇنداق تۇرسا پەيغەمبەر ئەلەيھىۋەسسالامنىڭلا ئەمەس، دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ ھالاللىقىنى دەللەيدىغان مىللىيەتكە نېمشقا مۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلىسىلەر؟ مىللىيەتكە تىل سېلىشتا بۇنىڭ ئەھلىلىرى بىلەن سۆزلىۇشۇپ كۆرمەي، ئۇنى يامانلىششقا نېمشقا سەۋيەسى ۋە خارەكتېرىنىڭ تايىنى يوق شۇنچىۋالا ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىسىلەر؟ نېمەڭلەرگە نېمە يەتمەي بۇ ئىسلامى نۇقتىئى نەزەردىن تېنىپ ئامرىكىنىڭ ھەممىنى يەر شارىلاشتۇرۇش نۇقتىئى نەزەرىدە گەپ ـ سۆز قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟ كاشكى بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى سۆزلەيدىغان گەپتانلار نۇقتىنەزەر ئاسىيلىقىنى ئىلغا قىلالىسا ئىدى، ھەر ھالدا خوش بولۇپ قالاتتۇق. مۇنچىلىك ساۋادى بار ئىنسان، مەسلىنىڭ مىللىي تۇيغۇدا ئەمەس، بەلكى مىللىي تۇيغۇغا ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەپلەر بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئۇقۇملارنى ئوبيېكت قىلىپ، ئىنسانلار ئارىسىدا مىللىيەتنى سۈيئىستىمال قىلغان تېتىقسىز ئېرقچىلىق ۋە تەپرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولار ئىدى. سۇنى لېيىتىۋاتقانلارنىڭ دېيىغا ئۇسۇل ئوينىماس

ئىدى. راست بىزنىڭ جامائەتچىلىكىمىز، مىللىيىتىمىز مەزلۇم. شۇڭا ئارىمىزدا مىللەتكە قارىماي يول تۇتالايدىغان، ئۇنى كەمستىدىغان، مىللەتتىن ھايا قىلمايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ مەنپەئەتىنىڭ قارشىسىدا مېڭىشنى تالىلىۋالغان كىشىلەر ئاۋۇپ قېلىقلىق. ئەقەللىسى ئىنىستىتۇت، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان ئۇيغۇرچە كىتابنى كۆرۈپ ھېيىقمايلا ھازىرمۇ ئۇيغۇرچە ئوقۇۋاتامسىلەر؟ بۇ قايسى دەۋر دەيدىغان؟ ھەر ھېيتتا يۇرتتا ھېيت نامىزى ئوقۇلسۇن ئوقۇلمىسۇن سەئۇدى پالانچى كۈنى ھېيت قىلىدىكەن، قىلمايدىكەن دېيىشىپ يۇرت جامائىتىگە قارىماي ئايرىم ھېيت قىلىدىغان، ھەتتا بۇنى دىندارلىق دەپ بىلىپ غادىيىپ يۈرىدىغانلار بار. «بۇرچ بىلەن ئەر، كۈچ بىلەن ئەل» بولىدىغان بۇ زاماندا، ھېچقانداق بۇرچنى زىممىسىگە ئالمايدىغان، ئەلگە كېرەكلىك ھېچقانداق كۈچكە نەزىرنى سالمايدىغان قەرزدار «ئەر»، ئىرادە ۋە سىياستى يوق « ئەل»لا بار. ھالبۇكى دىننىڭ يولى بۇ ئەمەس. ھېيتنىڭ قاچان بولىدىغانلىغى ۋە ھېيت نامىزىنىڭ قاچان ئوقلىدىغانلىغىنى سەئۇدى ئەمەس، يۇرت جامائىتى بەلگىلەيدۇ. جامائەت ۋە مىللەتنىڭ مەزلۇملىغى، نادانلىغى ساۋاقا بىلىنىشكەن بولسا ئۇنى ئوڭشاش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىق، ئىزدەن، بىلگەنلىرىڭنى تەدبىقلا، بولۇمسىزلىقنى ئوڭشاشنىڭ تەدبىرىنى قىل، لېكىن مىللەتنىڭ ئېتىبارىنى، نوپۇزىنى سۇندۇرۇشنىڭ يولىغا كىرمە. ئۆزۈڭنى كىچىك چاغلاپ بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمىساڭ، يەنە بىر ئۆيىنىڭ گېپىنى قىلىپ، غودۇڭشۇپ يۈرمە، مىجازى ھالدا ئېيتقاندا ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىماي ئۇ ئەردىن چىقىپ بۇ ئەرگە تەككەن بولساڭ، بۇرۇنقى ئېرىڭنىڭ يامان گېپىنى قىلما. يېڭى ئېرىڭنىڭ يېنىغا بار، ئۆيۈڭنى تۇت. ئۆزۈڭلارنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى گەپلىرىمنىمۇ ئاڭلا: بىر كۈنى مەن مۇشۇنداق ھېيت قىلىدىغان «ئاتالمىش تەقۋا»لارنىڭ بىرسىدىن ناۋادا شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەپلەر بىر ـ بىرىگە جەڭ ئېلان قىلىپ قالسا، قانداق قىلىسىلەر؟ مىللەتنى سېتىپ سەئۇدىدىكى ئىماملىرىڭلارنىڭ پاي قەدەملىرىگە ئەگىشەمسىلەر؟ دەپ سورۇدۇم. ئۇ ھەرھالدا تاڭزىپ تۇرۇپ بولسىمۇ « مەن مىللەتنى تونمايمەن» دېدى. ھالبۇكى ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ ئەكسىچە دىن مىللەتنى تونۇيتى، تېخى دىن ئاتالغۇسى قەدىمىلىك ئېتىبارىدا ئېيتىلغاندا مىللەت دېيىلەتتى. ھەتتا قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق ئايەت بىلەن «سەن يۈزۈڭنى ھەنىف بولۇپ دىنغا، ئاللاھ ئىنسانلارنى

قانداق فىترەت ئۈستىگە ياراتقان بولسا شۇنىڭغا قىل»[2] دەپ كېلىۋاتسا ،«ئادەتتە ئىماندىن كېيىن نامازدىن ھېساب ئېلىنىدۇ. ئەمما پادىشاھلار ئىماندىن كېيىنلا ئادالەتتىن ھېساب بېرىدۇ» دېيىلىپ ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي مەجبۇرىيىتىنىڭ شەخسى مەجبۇرىيىتىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بولىۋاتسا ، ئەمدى يۇقۇرقىسى قانداق مەنتىقە! ئېنىقكى بۇ خىلدىكى كىشىلەردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىمەي بولمايدۇ. چۈنكى مەسالەن ئېيتقاندا ، 1960 ـ يىلدىن بۇيان تۈركىيەدىن گېرمانىيەگە چىقىرىلغان ئەمگەك كۈچى ھېسابىدىكى ئىشچىلارنى ھېچكىم گېرمانىيەگە يەرلىشىپ قالىدۇ ۋە سانى ئىككى يېرىم مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدى. ئەمما ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. تۈركىيەدە پەقەت «يوقسۇل»لىقنى، گېرمانىيەدە بولسا «يات ئىشچى» ئىكەنلىكىنىلا ھېس قىلالىغان بۇ ئىشچىلارنىڭ يېتەرلىك پۇل تېپىپمۇ يۇرتىغا قايتمايدىغانلىقىنى، گېرمانىيە 80 ـ يىللاردا رەسمى بىلدى ۋە بۇنىڭغا سىياسەت بەلگىلىدى. گېرمانىيىنىڭ ئالدىدا تۈركلەرنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېتىش ياكى ئۇنى پۈتۈنلەي ئاسسىملاتسىيە قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول بار ئىدى. بۇ ئەھۋالدا گېرمانىيە ئىچكى سىياسەتتە «تۈركلەرنىڭ بىرىنچى كىملىكى مۇسۇلمان. مۇشۇ ئۇقۇم ئاساسىدا بۇلارنى گېرمان قىلىمىز. دىنلىرىنى تۇتسۇن، ئەمما تۈرك بولۇپ ئەمەس، مۇسۇلمان بولۇپ مەۋجۇت بولسۇن» [3]دەپ كوردىنات بېكىتتى.« گېرمانىيە تۈركىيەدە ئەكسىيەتچىل پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇلغان گۇرۇپپىلارنىڭ دەۋەتچىلىرىنى گېرمانىيە مەكتەپلىرىدىكى تۈركلەرگە دىنىي تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆشرە ـ زاكات يېغىپ كۆچىيىشىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق كۆرسىتىۋاتىدۇ... بۇ گۇرۇپپىلار تۈركىيە پەيدا قىلغان بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى تۇرغان جايدىكى تۈركلەرنى تۈركىيە مەپكۇرىسىگە قارشى ماقامىلارغا تارتىۋاتىدۇ» [4] ئەنقەرەدىكى بۇ ھەقتىكى دوكلاتلاردا مۇشۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان ئىدى . قىزىقارلىقى خېلى زور مەبلىغى ئاروپىكودىن كېلىدىغان ۋە ئاتا تۈرككە ھاقارەت بىلەن تولغان «بۇت ـ ئادەم» ناملىق كىتابنى باسقان ۋە تارقاتقان، 1963 ـ يىلىدا مەككىدە باستۇرغان پىروگراممىسىنىڭ بىر ماددىسى مىللىيەتچىلىك ۋە ئىرىقچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىش بولغان «رابىتات ـ ئال ئالام ئال ئىسلام» بۇ ئىماملارغا 1984 ـ يىللارغىچە 1100 دوللاردىن مۇئاش بېرىپ تۇردى. ھالبۇكى ئەرەپلەر ئىتتىپاقسىزلىق ئاملى

دەپ قارشى تۇرىدىغان ئۆقۇملار قاتارىغا تىزىۋالغان «مىلىيەتچىلىك» ئۇقىمىنىڭ ئەرەپلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان نەسەپۋازلىقىمۇ ياكى يەرشارىلاشتۇرۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلپىمۇ بۇنى بىلگىلى بولمايتى. چۈنكى ئەرەبلەر ئەزەلدىن مىللەت مىقياسىدا ئىتتىپاقلىق ئورنىتىشقا تەشنا بولسىمۇ مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆكۈنۈپ يۈرگەن، بۇنىڭغا تەبئىي يېتەلمىدۇق ئىسلام دىنى بىلەن يەتكەنتۇق دەپ ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلىقىنى دەلىللەپ كەلگەن خەلق ئىدى. ئەجىبا مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۇقۇرقىدەك پىروگراممىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى نورمال بولۇرمۇ؟ مانا مۇشۇنداق ھەممە نەرسە بىر- بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، ھەر نەرسىنىڭ تەسىرچانلىقى ھەسسىلەپ ئاشقان مۇھىتتا، قولدىكى ئىشنى ئېلىشتۇرىۋەتمەي، جاي- جايىدا، گۈلنى گۈلگە كەلتۈرۈپ ئېلىپ بارماق ئۈچۈن، ھادىسىلەرنى ئوپىراتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئۆيىمىز ياخشى ۋە توغرا سەرەمجانلىشىپ بولغان بولمىقى، يۈرىشۋاتقان تەپەككۇرنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پايدىلىنىش سىستېمىسى جايىدا بولمىقى، تەپەككۇر مېتودىنىڭ قايسى سەۋىيىگە سىغىدىغان سىغمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى پارامېتىرلار تۈزغۈزۈلمىقى كېرەك. ئېنىقكى پەلسەپە مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن لازىم ۔

[1] «قۇرئان كەرىم» 3- سۈرە

[2] «قۇرئان كەرىم» رۇم سۈرىسى 30- ئايەت

[3] «دۆلەت ۋە ئىسلام» مۇستاپا بالباي 82- بەت. جۇمھۇرىيەت كىتابچىلىقى، ئىستانبول

[4] «دۆلەت ۋە ئىسلام» مۇستافا بالباي 83- بەتكە قاراڭ، جۇمھۇرىيەت كىتابلارى . ئىستانبول

# تاش ۋە تارىخ

مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە پەلسەپىۋى يازما

مەمتىمىن ئەلا

تاش دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان جىسىمدۇر. ئۇ ھەممە يەردە تېپىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قارىماققا قاتتىقلىق، چىڭلىق ۋە چىدامچانلىقتىن باشقا ھېچ قانداق ئالاھىدە خىسلىتى يوقتەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئالاھىدىلىكى دەل ئۇنىڭ ناھايىتى ئاسانلا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئۆزىنى تاشقى دۇنيادىن توختاۋسىز يوسۇندا كېلىپ تۇرىدىغان ئەرزىمەس ۋە كېرەكسىز سەزگۈ ئۇچۇرلىرىدىن قوغداش ئىنسان مېڭىسىنىڭ نۇرغۇن فۇنكسىيىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىرىدۇر. بۇ خىلدىكى ئۇچۇرلارغا — مەسىلەن، تاشقا ئوخشاش ناھايىتى ئادەتتىكى جىسىملارغا ئالاقىدار سەزگۈ ئۇچۇرلىرىغا — دىققىتىنى بەرمەسلىك مېڭىنى ئۇچۇرلارنىڭ چەكسىز زەنجىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنسان ئېڭىنىڭ يېپىقلىقى تەھلىكىگە ئۇچرايتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالىتى — ئىچكىيلىك بىلەن تاشقىيلىقنىڭ پەرقى — يوقاپ كەتكەن بولاتتى.

ئاڭنىڭ ئۆزىگە خاس تىرەنلىكى بار ياكى ئۇ ئىنسانىنىڭ ئىچكىلىكىنىڭ كۆرۈنمەس ۋە ماددىسىز تىرەنلىكىدۇر؛ ئۇ سۇبيېكتىپلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈك، مۇستەقىللىق ۋە يەككىلىك ئارقىلىق پاسىللانغان تىرەنلىكىدۇر. ئاڭ ئىچىدىن بوغنۇققان بولماستىن، تاشقىي دۇنياغىمۇ يۈزلەنگەن بولىدۇ؛ بۇنىڭدا سەزگۈ ئەزالار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان سەزگۈلەر ئىچكىلىك بىلەن تاشقىلىقنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئىچكىلىك بىلەن تاشقىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى ئاددىيلاشقان چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تاشقى دۇنيا، باشقا سۇبيېكتلار ۋە ئۆزىمىز بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەت جەريانىغا ئاڭ تەرىپىدىن تاللانغان خاتىرىنىڭ (ئەسلىمىنىڭ) قاتنىششىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ھېنرى بېرگسوننىڭ قارىشىچە، ئاڭ ئىنسان بەدىنى ئارقىلىق ھازىر ئارتقۇرۇلماقچى بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان خاتىرە ئوبرازلىرىنى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاللايدۇ[1]. بۇ ئاڭنىڭ ناھايىتى ئۆزگىچە بولغان فۇنكسىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاڭ ھەر ۋاقىت رېئاللىقتا بىز ئېھتىياجلىق بولغان تەجرىبىلەرگە ئالاقىدار بولغان بارلىق ئەسلىمىلەرنى شۇ ھامان بىزنىڭ ئىچكى سەزگۈمىزگە يوللاپ تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ

تەجرىبىسىنىڭ ئىچىدە گەرچە (ھازىر) دا ئېرىشلگەن تەجرىبە ئەڭ چىن ۋە ئاڭ رېئال تەجرىبە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر بىلەن بىز سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە بىرىكىپ كېتىدۇ. ئادەم ھازىردىلا ئەمەس بەلكى ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ توختاۋسىز مۇناسىۋەتلىشىش نۇقتىسىدا ياشايدۇ (ئەلۋەتتە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەمنىڭ ھازىر) دىكى تەجرىبىسىگە كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ۋە كۈتۈش شەكلىدىكى سەزگۈلەشمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ ھازىرقى مۇمېتلىق سەزگۈ ـ تەجرىبىسىگە ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمە بىلەن كەلگۈسىنى غۇۋا قىياس قىلىپ مېڭىش سەزگۈلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەربىر «ھازىر» ۋە ئۇنىڭدىكى سەزگۈرلەر شۇ ھامان ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ ھەمدە يېڭى«ھازىر» سەزگۈمىزگە كىرىدۇ. لېكىن ئۆتمۈشكە ئايلانغان «ھازىر» يوقلىپ كەتمەستىن، بەلكى ئۇزى مۇناسىۋەتلەشكەن باشقا ئەسلىمە شەكىللىرىگە خۇددى رېئاللىقتىكى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە باغلىنىپ ۋاقىتىنچە يوشۇرۇنلۇقتا ئۆتىدۇ. ئەگەر بۇ ئەسلىمىلەر بىزنىڭ ھازىرقى تەجرىبىمىزگە ئالاقىدار بولسا، ئاڭ ئۇنى شۇ ھامان بىزنىڭ دىققىتىمىزگە ئېلىپ كېلىدۇ — ئەسلىمە مۇشۇ شەكىلدە ھازىردىكى تەجرىبىلەرگە تەكرار ـ تەكرار قاتنىشىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئېھتىياجىمىزغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان باشقا خاتىرە ئوبرازلىرى كۆپ ھاللاردا ياكى ۋاقىتلىق بېسىپ تۇرۇلغان بولىدۇ. تاشنىڭ خاتىرە ئوبرازى، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، خاتىرىنىڭ ناھايىتى يوشۇرۇن ۋە ھەتتاكى ئۇنتۇلغان بوشلۇقىدا ساقلانغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىنىشى ۋە شۇ ئارقىلىق رېئاللىققا قايتا قاتنىشىشى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان مۇۋاپىق ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىدىغان ئۇچۇرنىڭ غىدىقلىشىغا موھتاج. خۇددى ئانچە مۇھىم بولمىغان باشقا جىسىملارنىڭ خاتىرە ئوبرازلىرىغا ئوخشاش، تاشنىڭمۇ خاتىرە ئوبرازى كۆپ ھاللاردا پراگماتىك مېڭىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

«تاش قورالالار دەۋرى» دىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاش ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئۇ ھاياتنى پاناھگاھ ۋە ئوت بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئاۋۇندۇراتتى، گۈللەندۈرەتتى ۋە ساقلاپ ماڭاتتى. بۇ يەردە بىز تەبىئەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىگە شاھىت بولالايمىز: تەبىئەتتىكى ئەڭ تەبىئىي جىسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاش ناھايىتى كۈچلۈك مەدەنىيەت مەنىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. كۆپ ھاللاردا

ئېيتىلغىنىدەك، مەدەنىيەت ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكىنى (تەبىئەتكە تەۋە بىر جانلىق بولۇشىنى) ئۆزگەرتىشى، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشى ۋە ھەتتا ياتلىششى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ دەپ قارالسىمۇ، تەبىئىيلىك ياكى تەبىئەت كۇلتۇرغا ئارىلاشقان ھالەتتە بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قېلىن پاسىل تارتىش ھېچ بولمىغاندا بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان نۆۋەتتىكى تېمىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، شۇ نەرسە بىزنى ھەيران قالدۇرمايدىكى، قەدىمدىن بېرى كۆپ خىل كۇلتۇرلارانىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئىدېئاللاشقان ۋە يۈكسەلگەن شەكىللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئىزناسىنى تاش ئارقىلىق ياكى تاشقا قالدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بارلىق مەدەنىيەتلەر دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى ئىنسانىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىرىغا ئەسلىمە شەكلىدە قالالايدىغان قاتتىق، چىدامىلىق ۋە ئۇيۇل جىسىم بولغان تاشقا ئويغان. تاشنىڭ ئۆزگەرمەس يۈزى كىملىكنىڭ (سالاھىيەتنىڭ) — ئۆزلۈك ئوخشاشلىقىنىڭ — ۋەدىسى بوپ كەلدى. ئىنسانلار تەرتىپسىز ھالەتتىكى تاشلارغا تەرتىپ ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گارمونىيىلىك، داۋامىي ۋە تىنچ ھاياتقا بولغان تەلپۈنىشىنى ئىپادىلەپ كەلدى. سەنئەتنىڭ ئەقەللىي قانۇنىيەتلىرىدىن بولغان گارمونىيىلىك ماسلىششچانلىق (سىممېترىك قۇرۇلما) تاشتىن قوپۇرۇلغان بىناكارلىق ۋە گۈزەل سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ تەرتىپ ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىخارلىنىشى، ئىشىنىشى، قورقۇنچى ۋە غايىسىنى ھېس قىلدى. بەرجەس قامەتنى يارىتىشقا زۆرۈر بولغان ناھايىتى ئىنچىكە تۇيغۇ، ئۆلگىيۋاتقان كىچىكە بولغان تەلپۈنۈش، مەڭگۈللۈك ھاياتقا بولغان توختاۋسىز ئىستەك قاتارلىقلار تاش سەنئىتى ئارقىلىق ماددىيلاشتۇرۇلدى — تاشقىيلاشتۇرۇلدى. تاش سەنئىتى ئۆزىنىڭ تۈرگۈن جىسمىدا ئىنساننىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قوزغىلىشى بولغان ھاياتلىق ئىرادىسىنى ئېلىپ ماڭدى. يىغىپ ئېيتقاندا، تاش قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەممە ئەلدە، ھەممە ۋاقىت ئىنسان بىلەن تىنىقداش بولۇپ كەلدى: پىچىرلاپ ئېيتىلغان دۇئالار قەدىمكى ئىبادەتخانىلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن ھېلىھەم ئەكس سادا قايتۇرۇپ؛ تاشلىۋېتىلگەن قورغانلار يۈكسەك تەنھالىقنىڭ قىزغىنلىقىغا چۆمگىنىچە جىممىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇردى؛ تاشقا ئايلانغان ئادەم بەدىنى ۋاقىت يوقىتىۋېتەلمىگەن ھارارىتىنى سۈس تارتىپ كەلدى؛ بۇزۇلغان ھەيكەل ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى گۈزەللىكىگە ئۆزىگە تىكىلگەن ئادەمنىڭ نەزەرى ئارقىلىق قايتىدىن

ھاياتلىق ئاتا قىلىشقا تىرىشتى...

ۋەھالەنكى، تاش ساقلانغىلى بولمايدىغان زىتلىققا ئىگەدەك قىلىدۇ: ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئەڭ ئەرزىمەس جىسىم بولۇشقا قارىماي، تارىخنىڭ ئەڭ تىرىك ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىنغان ۋە ساقلانغان. گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسىمۇ، ئەسلىمە بەزىدە ئۇ ئارقىلىق ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى ئادەمگە ئېغىر، قارشى تۇرغۇسىز ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان ماتېرىيال بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قالدۇرىدۇ. تاشنىڭ سوغۇق كەلگەن كۆرۈمسىز ماتېرىياللىقى ھەم ئۇنتۇلىدۇ ھەم ئۇنتۇلمايدۇ: بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئۇنىڭغا ئىمزادەك ئۇرۇلغان قىممەتتۇر. ئۇنىڭغا ئويۇلغان ھەر بىر خەت ۋە شەكىل دەل تارىخنىڭ ئىمزاسىدۇر — ئۇنىڭدا ھەقىقىيلىق ۋە ئەسلىلىك بار. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يوقالماي داۋاملىشىشى كېرەك بولغان قىممەت بەزىدە تاشقا ھاۋالە قىلىنىدى، چۈنكى تاش ئەۋلاد بىلەن ئەجداد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۇلىيالايدۇ. ئۇ سۇلالىلەردىن ھالقىيالايدۇ ۋە تارىخ بىلەن بىللە ئۆرە تۇرالايدۇ. ئۇ ۋاقىتنى «توختىتىپ» قويالايدۇ. ماكاننى بولسا پىرىسلاپ، خۇددى تارىم ئويمانلىقىدىن يېقىندا قېزىۋېلىنغان مومىياغا ئوخشاش ئابىدىگە ئايلاندۇرىۋېتەلەيدۇ. تاش قاتتىق ھەم ئۇزاق ياشايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە ئارتقۇرۇلغان قىممەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈكسەلدۈرىدۇ ۋە ئۇزاققا ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ تاشنىڭ قىممىتى ۋە مەنىسىنى چۈشىنىشى ئوخشىمايدۇ. دۇنيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلار تاشقا قارىتا ناھايىتى سېزىمچان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەت قۇرغان. بۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ باي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن، مىمارچىلىقىدىن ۋە باشقا سەنئەتلىرىدىن، كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. تاشنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئالاھىدە فۇنكسىيە ئارتقۇرۇشى ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەسلىك قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ مۇقەددەسلىك ئالدى بىلەن ئۇلار قوغداپ قالماقچى بولغان ۋە تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلغان قىممەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدىكى مۇقەددەسلىك ئېڭىنىڭ ئىپادىسى بولغان مەڭگۈ تاشلار بىزنىڭ ئۇلارنىڭ روھىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىرىدىكى بىزگە ھازىرغىچە ئايان بولمىغان ياكى نەزەردىن ساقىت بولۇپ كېلىۋاتقان ئامىللارنى

چۈشىنىشىمىزدىكى ئالتۇن ئاچقۇچتۇر. مۇھاكىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھاياتىدا مۇقەددەس دەپ قارالغان تاشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ھاياتلىق ئېڭىدا تۇتقان ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

تارىخ دېگەن نېمە؟ بۇنىڭغا بىرىلگەن، بېرىلىۋاتقان ۋە بېرىلىدىغان جاۋابلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە بەس ـ مۇنازىرىگە تولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا نۆۋەتتىكى مۇھاكىمىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبلىك تۆۋەندىكى بايانلار ئارقىلىق ئۆزۈمىنىڭ تەھلىلىنى كونترول قىلماقچىمەن. تارىخ ناھايىتى تار دائىرىدىن ۋە ھازىرقى مۇھاكىمىنىڭ لوگىكىلىق تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھادىسىلەرنىڭ جەريانلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، ئەسلىنىشى (ئۇنتۇلۇشىنىمۇ) ئىبارەت مۇرەككەپ بىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان تەبىردۇر. شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، ئونتولوگىيىلىك مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىخ مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندا يۈز بەرگەن ئىنسان پائالىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان ئەسلىمىنىڭ — ئەسلىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ — سىستېمىلاشتۇرۇلغان شەكلىنىڭ ئۆزىدۇر. خۇددى ئادەمسىز پائالىيەت بولمىغاندەك، ئەسلىمىسىز تارىخمۇ بولمايدۇ. بىز ئەسلىمە ئارقىلىقلا ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىشىدىغان سۇبيېكتىمىزنىڭ ئوخشاش كىملىكتە بولالىشىنى ساقلاپ قالىمىز. (خاتىرىسىز ئاڭنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئاڭقىرىلمىغان خاتىرىسىز كىملىكنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى كىملىك ۋە ئۇنىڭ بىردەكلىكى خاتىرىنىڭ بىردەكلىكى، بىر بىرىگە باغلىنىشى ۋە بىر پۈتۈنلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ ۋەھالەنكى خاتىرىنىڭ بىردەكلىكى بولسا ئاڭنىڭ، يەنى مۇئەييەن شەخسكە تەۋە بولغان يەككە ئاڭنىڭ، بىردەكلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ.) يەنە شۇ ئەسلىمە ئارقىلىق ھادىسىلەرنى ۋاقىتنىڭ ھېچنېمىگە پەرۋاسىز ئېقىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇلارنى ۋەقەلىك سۈپىتىدىكى تارىخ سۈپىتىدە بايان قىلىمىز. دېمەك تارىخ تىرىكلەرنىڭ ئۆلگەنلەر ئۈستىدىن يازىدىغان گۇۋاھلىقىدىدۇر. تارىخ ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سۇبيېكتىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ھەم قاتنىشىشى ھەم قاتناشماسلىقى ئارقىلىق بوشلۇقتا — ماكان ۋە زامان بوشلۇقىدا —«ئايان بولۇشى»، «ئاشكارىلىنىشى» ۋە «ئېچىلىشى» دۇر.

ئۆزۈپ ئېيتشقا بولىدۇكى، سۇبيېكتىپلىق ھەر زامان ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبكارى ۋە باشلىغۇچىسى ئەمەس؛ دەل ئەكسىچە، ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سۇبيېكتىپلىقتا ئۆزىنىڭ كۈچى، تاسادىپىيلىقى، «ھازىر بولۇشى» ۋە زىلزىلىسى ئارقىلىق يۈز بېرىدۇ. ئادەم ھەر زامان ئۆز بېشىغا كېلىدىغان كەچمىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبكارى بولالمايدۇ، باشقا ھادىسىلەر دۇنيادىكى ھادىسىلەرنىڭ ئىچىدىكى يېگانە ھادىسە سۇپىتىدىكى ئادەم مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق ئۆزىنى مەۋجۇتلايدۇ — ھادىسە ئادەم ئارقىلىق ئەمەس، ئادەمگە يۈز بېرىدۇ.

ئەمدى ماقالىمىزدىكى مەركىزىي مەسىلىگە قايتىپ كېلەيلى. مەڭگۈ تاشلارنى قوپۇرۇشنىڭ ئونتولوگىيىلىك ئەھمىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆيغۇرلاردا روي بېرىشىدىكى ئەڭ ترېك پۇتۇكتۇر — ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت تارىخى ھەققىدىكى تاش پۈتۈكتۇر، چۈنكى ئۇنىڭدا بۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ قانداق «ئايان بولغانلىقى» «ئايان قىلىنغان».

ئۇنىڭ بىز تۆۋەندە تەتقىق قىلماقچى بولغان ئۈچ خىل مەنىسى بار. بۇلار ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئۇنىڭ بىرىنچىسى شۇكى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلىنىشى دەل ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزلۈك - ئېڭىنىڭ مۇستەھكەم تىكلىنىشىدۇر — بۇ ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۆزلۈك - ئېڭى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش تەرىزدە ئاڭقىرىلمىغان (ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ بۇ خىل تەكشىسىز ۋە پەرقلىق بولۇشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تارىخىدىكى سەلبىي، ھەتتاكى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە توختالمايمەن.) شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى ئۆزلۈك - ئېڭىغا ئىگە بولۇشى كېرەك بولغان خەلققە ئاتاپ تىكلەنگەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. شۇڭلاشقا، مەڭگۈ تاشلار «بىز» — «ئوزىمىز» — نىڭ ھازىر كىم ئىكەنلىكىمىز ۋە كىم بولۇشىمىز كېرەكلىكى بىلەن «ئۇلار» — «ئۆزگىلەر» — نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىشنى مەقسەت قىلغان پاسىلغا ئوخشايدۇ.

پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولمىغان ئەھۋال

ئاستىدا ، ئۆزلۈك ـ ئوبرازى ۋە ئۆزلۈك ئويلىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. گېرمان پەيلاسوپى خېگېلنىڭ قارىشىچە، روھ ئۆزىگە ئۆزگىدە ۋە ئۆزگە ئارقىلىق قايتىشنى ئىزدەيدۇ: بۇ دەل ئاڭدىن ئۆزلۈك ـ ئېڭىغىچە بولغان توختاۋسىز ھەرىكەتتۇر. يەنى، ئاڭ ياكى روھ دەسلىپىدە ئابستراكت، قۇپقۇرۇق ۋە ئۇقۇملۇق بولغاچقا، ئۇ ئۆزگىگە ئارتقۇزۇلغان ھەرىكەت ئارقىلىق كونكرېتلىققا، تولۇقلۇققا ۋە سەزگۈلۈككە ئىگە بولۇشنى ئىستەيدۇ؛ بۇ دىئالېكتىكىلىق جەريان ئۆزلۈكنىڭ تويۇنغان شەكلىگە، يەنى ئۆزلۈك ـ ئېڭىغا، ئىگە بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ②. مۇنداقچە ئېيتقاندا، روھ ئالدى بىلەن ئابستراكت ۋە قۇپقۇرۇق بولۇپ، ھېچقانداق مەزمۇنغا ئىگە ئەمەستۇر، ئۇ پەقەت ئۆزىنى دۇنيادىن ئىبارەت بۇ تاشقى شەكىلگە ئىگە يۇزلىنىش ئارقىلىق ئۆز ئىچىدىن بۆلىنىپ، ئۆزىگە ئۆزى ئۆزگە بولىدۇ — ئۆزىنى ئۆزگىلەيدۇ. بۇ ئۆزلۈك يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماكان ۋە زاماندا تاشقىيلىشىپ ئۆزىنىڭ تارىخىيلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆزىدىن ياتلىشىپ ئۆزىنى دۇنيالىقىم يەنى تاشقى دۇنيالىق، شەكىلگە ئىگە قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق تارىخىيلىققا ئىگە بولۇش دەل روھنىڭ مەزمۇنلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھ ئۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئۆزلۈكى سۈپىتىدىكى ئۆزگە بولغان دۇنيادىن ئۆزگە مۇنۇ تەكرالانما شەكىلدە قايتىدۇ. روھ←ئۆزگە←ئۆزلۈك ئېڭى. مەسىلەن، روھنىڭ ئۆزىدىن ياتلىشىشى ئارقىلىق تاشقىيلىششىنىڭ ھاسىلاتى بولغان دۇنيا ئارقىلىق ئۆزىگە قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسلىق جەريانىدۇر. دېمەك، ئاڭنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇشى مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ـ ـ مەيلى ئۇ ئاڭنىڭ ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنگەن ئۆزلۈك بولسۇن ياكى ئاڭنىڭ سىرتىدىكى ئۆزلۈك بولسۇن ـ ـ تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزگە ئۆزى ھەققىدىكى ئاڭغا ئۆزگىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئېرىشىدۇ. مەڭگۈ تاشلار دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئېڭىنىڭ ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ پەرقىنى ئاڭقىرىشى ئارقىلىق ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى مەڭگۈ تاشلار، ئۇيغۇر ئىدىيە ۋە كۇلتۇر تارىخىدىكى ئاڭ باسقۇچىدىن (ئەكس ـ ئەتتۈرۈشسىزچان ئاڭدىن) ئۆزلۈك ـ ئېڭى باسقۇچىغا (ئەكس ـ ئەتتۈرۈشچان ئاڭغا) كۆچۈشتەك تارىخىي رېئاللىقنى سۆزلەيدۇ.

ئەكس ـ ئەتتۈرۈشسىزچان ئاڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەكس ـ ئەتتۈرۈشچان ئاڭدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ: ئۇ ئىنساندىكى فۇندامېنتال ئىقتىدار ۋە سەزگۈلەش قابىلىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ،

ھەمدە ئۇنىڭدا ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئېنىق بولمايدۇ. ئەكس ـ ئەتتۈرۈشسىزچان ئالتاشقى دۇنياغا يۈزلەنگەن بولىدۇ، ئۇنىڭدا «مەن» ھەققىدىكى ئاڭقىرىش مەۋجۇت بولمايدۇ — ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى سەزگۈ ھەم ئەكس ئەتتۈرۈش، خالاس. ئۆزلۈك ـ ئېڭى بولسا مېنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى سەزگۈ ھەم ئەكس ئەتتۈرىشىم ھەققىدىكى ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر: مانا بۇ يەردە «مەن» ھەققىدىكى ئاڭ بار بولغان بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىككى خىل ئاڭ شەكلى پەرقلىق بولسىمۇ، بۇيەردە ئۇلار ئورتاق پايدىلىنىدىغان نۇقتا مەۋجۇتتۇر: ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سۇبيېكتىپلىق پەقەت ئۆزگىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇتتۇر. ئۆزگىنىڭ ئالدىبۇرۇن بار بولۇشى بىزنى ئۆزىمىزگە قايتۇرىدۇ؛ بىز ئۆزگە بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ئايلىنالايمىز. ياكى ئۆزگە «مەن» نىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ھەم ئايرىلماس ھەمراھ ھەم خىرىستۇر، چۈنكى ئۆزگىمۇ ئۆزىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەندىن ئىبارەت يات ئۆزگە ئارقىلىق ئاڭقىرىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئاۋامغا قىلغان خىتابلىرىدا ناھايىتى ئېنىق سۆزلەنگەن. مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپ قىسمىدا «بىز» بىلەن «ئۇلار» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كۈچىيىشىدىكى ھالقىلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئۆزلۈك كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى تاشقىلاشقان مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان پەرقنى ئاڭقىرىشقىلا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆز بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكە يۈزلەنگەن زىددىيەت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. تاشقي پەرق ئىچكى پەرقنىڭ ۋەزنىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئىچكى بۆلۈنۈش ۋە پەرق ئەلۋەتتە كوللېكتىپ سۇبيېكتىپلىقنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىدىغان ھازىر كەم بولۇۋاتقانلىق ۋە كەم بولۇش كېرەكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا تۈگەللەنگەن. بۇ ئىچكى بۆلۈنۈش ماھىيەتتە ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۆز خەلقىدىن كۈتكەن تەلەپلەرنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئېڭىدا ئىچكىلىشىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنىڭدەك بۇ بۆلۈنۈش ئۆز نۆۋىتىدە قاغانلار تەرىپىدىن خەلقتىن كۈتۈلگەن ئەخلاقىي ۋە كۈلتۈر تەلەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ رېئاللىقىشى ئوتتۇرىسىدى زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بۆلۈنۈشتۇر. ياكى بۇ «ھازىرقى مەۋجۇتلۇق» بىلەن «كېرەك» (كەلگۈسى)، قاغانلارنىڭ ئۈمىدى — تىلەكلىرىنىڭ ئىچكىلەشتۈرۈلگەن

(قەلبتىكى) چاقىرىقى بىلەن ئىرادە، «مەن» بىلەن يەنە بىر «مەن» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىچكى بۆلىنىشتۇر.

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تارىخىي پۈتۈكىدۇر. كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭى «بىز» نىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاڭقىرىش بولۇپ، ئۆزگىچە ۋاقىتچانلىق قۇرۇلمىسىغا ئىگىدۇر. ئۇ پۈتۈلمىشىنى، يەنى ئۇنىڭ ئېڭى كوللېكتىپنىڭ ئالىبۇرۇن بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشىدەك مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ھازىرقى مەۋجۇتلۇق ئورنىنى ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مۇمكىنچىلىكنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن ھالقىشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ۋاقىتچانلىقنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. مەڭگۈ تاشلاردا ئۆزىنى تونۇش خاراكتېرلىك كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئۆزگىچە ۋاقىچانلىق قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ ھەققىي تارىخىيلىقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقىت قۇرۇلمىسىدا دۇنياغا كېلىش ئارقىلىق مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشىگە ئىگە بولۇش كوللېكتىپنىڭ ئەسلىمىسى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ ئەسلىمە كوللېكتىپ تەۋە كۆلتۈرنىڭ شەجەرىسىنىڭ ساقلىنىشىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا قانداق كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئىشىنىش ۋە ئەپسانىلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بىلىش ۋە ئىشىنىش سىستېمىسىدىكى دۇنياغا كېلىش چۈشەنچىسى بولغان «كۆكتىن تېمىش» ۋە «يەردىن ئۈنۈش» دەل «بىز» نىڭ دۇنيادا قانداق ئاپىرىدە بولغانلىقىمىزنى سۆزلەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى قارىشىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمىي دۇنيا قارىسىغا كۆرە، كۆللى جانلىقلار ئەركەكلىك خاراكتېرگە ئىگە كۆك بىلەن چىشلىق خاراكتېرگە ئىگە يەر ـ زېمىننىڭ بىرلىششىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا دۇنيا كۆك بىلەن يەر ـ زېمىن ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بوشلۇق بولۇپ، «بىز» مانا مۇشۇ يەردە ئاپىرىدە بولىدۇ. مانا بۇ كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشىدۇر — يەنى بۇ ئۇيغۇرلۇقنىڭ مەلۇم قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پۈتۈلۈپ كېتىشىدۇر؛ ياكى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېيتقاندا «بىز» نىڭ ئۇيغۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇتلۇققا «كۆكتىن تېمىشى» ۋە «يەردىن ئۈنۈشى» دۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا «پېشانىسىگە پۈتۈلۈش» دېگەن ناھايىتى قەدىمىي بولغان قاراش بار. مەزكۇر

قاراشنى ئېھتىمال ھەممە نەرسىنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئاللىبۇرۇن مەلۇم بىر ھالقىما كۈچ (مەسىلەن، بۇ كۈچ خۇدا بولۇشىمۇ مۇمكىن) تەرىپىدىن ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن، شۇڭا ئۇنىڭدا ئەركىن تاللاش بولمايدۇ، دېگەن قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان كەڭ مەنىدىكى تەقدىرچىلىك نۇقتىسىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە توختىلىشۋاتقىنىز كەڭ مەنىدىكى ياكى بىردەر دىنىي مەنىدىكى تەقدىرچىلىك قارشى ئەمەس، بەلكى ئونتولوگىيە نۇقتىسىدىكى تەقدىرچىلىك، تېخىمۇ توغرىراقىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئونتولوگىيىلىك پۈتۈلمىش قارىشىدۇر. ئۇ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭى ئاڭقىرىدىغان دۇنياغا كېلىشتىن ئىبارەت مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى — يەنى ئونتولوگىيە نۇقتىسىدىكى مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى كۆرسىتىدۇ. دەل مانا مۇشۇ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنىڭ پۈتكۈل ئۆتمۈشى مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا «بىت» تىن تۈرلىنىپ چىققان ۋە كېيىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان «پۈت» يەنى «خاتىرىلە» دېگەن بۇ سۆز كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئاڭقىرىلغان مەۋجۇتلۇق — ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشى بىلەن تاش پۈتۈن سۆپىتىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە جىپىلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى ھادىسىنى ئوخشاش بىر تەڭگىنىڭ ئىككى تەرىپى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تىلشۇناسلىق ۋە ئونتولگىيىلىك نۇقتىدىن چىقىپ قارىغاندا شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگىنى ماھىيەتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئايان بولغان مەۋجۇتلۇق — ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشىدۇر. ئۇ ئۇيغۇرلۇق كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئايان بولغان مەۋجۇتلۇق — ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشىدۇر. ئۇ ئۇيغۇرلۇق كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ خاتىرىلىنىشى، پۈتۈكى ۋە ئىزناسىدۇر.

كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقىتچانلىقىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى كوللېكتىپنىڭ ھازىردا ئۆزگە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىقتۇر. بۇنىڭدا دوستلۇق بىلەن دۈشمەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھالىتى ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇددى گېرمان سىياسىي پەيلاسوپى كارل شمىدت ئېيتقاندەك، پۈتكۈل سىياسىي دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. مەڭگۈ تاشلاردا كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىن ئىبارەت ئەڭ رېئال مەسىلە «مەن» بىلەن «ئۆزگە» نىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى يەنى «دوست» ۋە

«دۈشمەن» مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ قارىلىشىغا زىچ باشلانغان. بۇ ھەم كوللېكتىپ كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ سىياسىي پەلسەپە نۇقتىسىدىكى دەستىكىدۇر.

كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقتچانلىقىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مۇمكىنچىلىكنى ئاڭقىرىش ۋە كەلگۈسىگە ھالقىشتۇر. ھەر قانداق شەكىلدىكى ئۆزلۈك ئېڭىدا كەلگۈسىگە قاتنىشىش شەكلى بار بولغان بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەم ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مۇمكىنچىلىكلىرىنى دەڭسەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزلۈكنىڭ ھالقىشى (ياكى ئۆزلۈك ھالقىملىقى سۈپىتىدە) ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كەلگۈسى چۈشەنچىسى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋاقىت قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسىدۇر. ئۆتمۈش ھازىر مانا مۇشۇ يادرو ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان بۇ يادرونىڭ تۈپكى مەۋجۇتلۇق ھالىتى دەل تەشۇىشتۇر. تەشۇىش، خۇددى گېرمان پەيلاسوپى مارتىن هايدېگگىر ئۆزىنىڭ مەشھۇر پەلسەپە ئەسرى «مەۋجۇتلۇق ۋە ۋاقىت» تا كۆرستىپ ئۆتكىنىدەك، مەۋجۇداتنىڭ بۇ دۇنيادا بولۇشىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ھالىتىدۇر. تەشۇىشتە كوللېكتىپنىڭ بۇ دۇنيادا بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بولۇشىدىن ئىبارەت يەككىلىكى ئايان بولىدۇ؛ ئۇ ئارقىلىق كوللېكتىپ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنىنى ۋە ئۆزگىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىقراق تونۇيدۇ؛ ئاخىرىدا ئۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى مۇمكىنچىلىكلىرىگە يۈزلىنىدۇ. دەل تەشۇىشتە كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ۋاقتچانلىق قۇرۇلمىسى بىرلىشىدۇ، نەتىجىدە كوللېكتىپ ئۆزىنىڭ يەككىلىكى ۋە پەرقلىقلىقىنى تونۇيدۇ: ئۇ ھەقىقىي ئۆزى بولالايدۇ. تەشۇىشتە ئېچىلىدىغان كەلگۈسى ھەققىدىكى مۇمكىنچىلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇمكىنچىلىك، زىتلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم يۈزلىنىدىغان مۇمكىنسىزلىكتۇر — ئۆلۈم. تەشۇىشتە ئايان بولىدىغان ئۆلۈم ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنىڭ پۈتكۈل مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئايان قىلىدۇ، ئۇنى ئۆزى بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۆلۈم — ئادەمنىڭ ئۆز كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىدىكى قۇندامېنتال مۇمكىنچىلىكتۇر.

مەڭگۈ تاشلاردا ئېيتىلغان «شاھزادە بولىدىغان ئوغۇللىرىڭ قۇل بولدى، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭ دېدەك بولدى» دېگەن بۇ بايانلارغا ئۇيغۇر كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئەكس ئەتكەن چوڭقۇر

تەشۋىش يوشۇرۇنغان. يۇقىرىقى باياندا ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تەشۋىشتە بۇ قوۋمنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى بىرىكىپ كەتكەن ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ھايات ـ ماماتلىق مەسلىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بۇ ئۇيغۇرلۇق كىملىكى ھەققىدىكى ئارامسىز ۋە ئازابلىق تەشۋىشتۇر.

## قىزلار، بىز ئۇيغۇر!!! بۇ تەكلىماكان!!!...

(پاشاگۈل ئىسمايىلغا ئۇچۇق خەت )

### ئەيساجان تۇردى ئاچچىق

پاشاگۈل ! سىلەر قىزلار بىز ئەركەكلەرگە «يىگىتلەر، سىلەر كىم؟ بۇ قەيەر .....»دېگەن سوئالنى قويغىنىڭلاردا بىز ئەركەكلەردىن «بىز ئۇيغۇر، بۇ تەكلىماكان .....»دېگەن سادا چىقمىسا قانداقمۇ مەۋجۇتلىقىمىزدىن دېرەك ئالالايسىلەر ....بىز سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمىساق، سىلەرنى قايىل قىلالمىساق ....ئۇ ھالدا بىز ئەركەكلەر «ئايالالار دۆلىتى »گە كىرىپ،ھېچنىمنى تۇيماستىن، پەرۋاسىز ھالدا بەھۇزۇر ئۇخلايدىغان «راھىب »بولۇپ قالامدىمىز ....

يېقىنقى يىللاردىن بېرى غەرب پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ھەرخىل يوللار بىلەن تەكلىماكان بوستانلىقىغا ئۇسسۇپ كىرىپ، تەگرى تېغىغا سوقۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئەكس سادا بىز ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۇيغۇ سىستېمىسىنى غىدىقلاپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان بالاغەتكە يەتكەن ئەخلاق رامكىمىزنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بىزنى«ئەخلاقسىزلىنىش مۇسابىقىسى»گە قاتنىششقا مەجبۇرلىدى.نەتىجىدە چىراي قىزلارنىڭ «ئىستېمال بويۇمى »غا ئايلىنىپ قالدى. تەكرار ـ تەكرار ئېلىپ بېرىلغان مانىۋېرلار ....بىزنى ئەسلىدىكى ئۆزىمىزدىن ياتلاشتۇردى. بۇ خىل ياتلىشىش ئەڭ ئاۋۋال كىيىنىش ھەم چاچ پاسونىدا ئەكس ئەتتى ....بارا ـ بارا ئىمانسىزلىنىش گۈللىرى قەلب باياۋانىمىزدا چېچەكلەشكە باشلىدى....روھىمىز ھەم تېنىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل «ئىسلاھات »بۇگۈنكى كۈندە شەيتانغا ئادېرسىنى ئاشكارىلاپ قويمىغان ،ئەقلى ئويغاق ...قىز ـ يىگىتلەرنىڭ كاللىسىدا «؟»بەلگىلىرىنى ئۇندۇردى. بۇ جەرياندا يەنىلا ھەممىمىز ئۆزىمىزنى ئاقلاشقا ئالدىراپ، بەزى قىزلىرىمىز «بارلىق گۇناھ ئەرلەردە،ئۇلار بىزگە قاش ئېتىپ قويمىغان بولسا، بىز بۇ كوچىغا

كىرمىگەن بولاتتۇق . . .»دەپ دوقچىلىق قىلىشتى. يەنە بىر قىسىم ئەركەكلىرىمىز بولسا «گۇناھنىڭ مەنبىئى ئەزەلدىنلا قىزلاردا، قىز بالا شەيتان دەپ بىكار ئېيتمىغان؟ ئۇلارنىڭ بەل تولغاپ، غىلجىڭلىق قىلىشى،جاننى ئالغۇچى ناز-كەرەشمىسى بىزنى ئازدۇردى. »دەپ ئۆكتەملىك قىلىشتى. دېمەك، بىز ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلماستىن «گۇناھ دېگىزى »دا لەھەڭ بولۇپ ئۈزدۈقكى، «پاكلىنىش كۆلى »نى ئىزدەشنى خالىمىدۇق .

پاشاگۇل! ماقالىڭىزنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئەركەك چۆچمەي قالمايدۇ.ئەلۋەتتە شۇنداق بولىشى،ئۆزىگە «مەن كىم »دەپ سوئال قويىشى ۋە قىز - ئاياللار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە قايتا-قايتا ئويلىنىشى كېرەك. بولمىسا ئەر-ئايال، قىز-يىگىت دېگەن ئاتالغۇلار بىرلىشىپ كەتمەمدۇ؟!

يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان بىرقىسىم ئەركەكلەر قىز -ئاياللارغا ئاتىدارچىلىق، ئاكىلىق قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەمگەك نورمىمىزنى سىلەرگە ئارتىپ قويدۇق، ھەمدە ئېدىيەدە قاتماللىشىپ، سىلەرگە شەكلى ئۆزگەرگەن زوراۋانلىقنى يۈرگۈزدى،سىلەر يولدىن چىقىپ كەتسەڭلار، بىز سىلەرگە ئۆز سىڭلىمىزدەك كۆيۈنۈپ، (ئەمىلىيەتتىمۇ سىلەر بىزنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغۇ؟) مەسئۇل بولساق،سەممى ۋاپادارلىقنى يەتكۈزۈپ، شىركەت قۇرۇپ، مەكتەپ ئېچىپ، سىلەرگە پاكىز، ھالال خىزمەت تېپىپ، بىرىپ(رادىل ئابلالارغا. . .ئوخشاش) ئۆز مەۋجۇتلىغىڭلارنى نامايان قىلساڭلار، ئالقىش ياڭرىتىپ، يۈكسىلىشىڭلارغا ھەققى شوتا بولالىساق، يېڭى ئوربىتالارنى ياساپ بەرسەك بولاتتىغۇ ؟! سىلەر يېرىم-يالىڭاچ يۈرسەڭلار بىز غەزەپلىنىپ تولۇق كىيىنىش بۇيرىقىنى بېرەلمىدۇق.ئەكسىچە ياتلارنىڭ ئالدىدا ھېجىيىپ،تاماشا كۆرۈپ ئولتۇردۇق.بۇنىڭ بىلەن ياتلار سىلەرنىڭ ئەسلىدىن تەبىئىي ئۈزلۈغۈڭلارنى ئېچىلمىغان بوز يەر دەپ قارىدى.چۈنكى بىزدە سىلەرنى ھاي دىگۈدەكمۇ جۈرئىتىمىزنىڭ يوقلىغىنى ئۇلار بىلىپ قالدى ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە بىزدە جۈرئەت،ۋىجدان تولۇپ،تاشىدۇ، لېكىن،نەزىرىمىزنىڭ تار،ئومۇملۇق ئېدىيىمىزنىڭ ئاجىزلىغىدىن سىلەرنى مۇشۇ كۈنگە قويدۇق.بۇنىڭ جاۋابكارلىغى بىزدە.مەيدەمنى كېرىپ تۇرۇپ، دىيەلەيمەن. دائىم سىلەرنىڭ يىغا ئاۋازىڭلاردىن ھۇزۇرلىنىپ، كۈلمەكچى بولۇشتۇق. سىلەرگە توغرا مەسلىھەت

بېرىشنى خالىمدۇق. ئازغىنا ھەۋەسنى دەپلا ، سىلەر قانچە يالىڭاچ يۈرسەڭلار، قانچە بەڭۋاش بولۇپ كەتسەڭلار، قانچە نادان قالساڭلار،نامراتلىق قانچىكى سىلەرگە يېقىنلاشسا ....بىز سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلاردىن شۇنچە كۆپ پايدىلانماقچى بولۇشتۇق.ئانىمىز،ئايالىمىز،سىڭلىمىزنى ئويلىمىدۇق.مانا،ئەمدى،پۇشتىمىزدىن تامغان قىزلىرىمىز بولۇۋىدى.تەقدىرىدىن چۆچۈدۇق.سىز پاشاگۈل، دەل ۋاقتىدا،بىزگە بۇ زەمبىرەكنى ئېتىپ،كەينىمىزگە ئوبدان قاراپ،ئۆزىمىزنى ئوپېراتسىيە قىلىشىمىزنى چاقىردىڭىز.مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ دەسلەپتە،سىزدىن رەنجىدىم،گەرچە سىزنى تونىمىساممۇ،ئاغىنىلىرىم،ساۋاقداشلار،خىزمەتداشلار مۇلاھىزىگە چۈشۈپ كەتتۇق. سىزنى ژورنال مۇھەررىرى ئارقىلىق سۈرۈشتۈردۇق. مۇھەررىرنىڭ سىزگە بولغان چوڭقۇر بولۇپ،بۇ ماقالىڭىزغا 40 پارچىدەك ئوبزورنىڭ كەلگەنلىكىنى، لېكىن، ئىشلىتىش-ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە جىددى ئويلىنىۋاتقانلىقىنى، كۆپىنچىسنى ئەرلەر يازغان بولۇپ،ماقالىدىن ھەم ئىشلەتكەن ژورنالدىنمۇ خاپا بولغانلىقىنى سەمىملىك بىلەن ئېيتتى.بىز بىر نەچچىمىز،ماقالىڭىزنىڭ ئۈچەي-باغرىنى چۇۋۇپ،ئوپېراتسىيە قىلىپ چىقتۇق.تالاش-تارتىش قىلدۇق.ئاخىر مەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.ئەرلەرنىڭ سىلەردىن رەنجىگەنلىكىنى، شۇنداقلا مىللىي ئەخلاقتىن ياتلىششىنىڭ زۆرۈرلىكىنى زامانىۋى ئادەم «ئالەمچى ئادىمى» -سۈپىتىدە قەيت قىلىشتۇق. چۈنكى، بىز سىلەرگە بۇ ھەقتە قانچىكى كۆپ لېكسىيە سۆزلىسەك ...سىلەرنى ئالدىمىقىمىز ئاسانغا چۈشەتتى ئەمەسمۇ ؟! توغرا،بىز سىلەرگە سېرىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ،سىلەرنى ئۆزىمىز ئازدۇرۇپ ،ئۆزىمىز يولدىن چىقىرىپ ....ھەممە قىلغۇلۇقنى ئۆزىمىز قىلىپ، ئاخىرقى ھېساباتتا «ھاڭگا ئېشەك بالىسىغا ئېگە بولمىغاندەك »سىلەرنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچراتمىغان قىياپەتتە،ئىككى كۆزىمىزنى چىڭ يۇمۇۋېلىپلا جالاپ ،پاھىشە ،بۇزۇق ،دېگەن «ئۇنۋان»لارنى ھەدىيە قىلىشتۇق. ئۆزىمىزچە، يەنە «جاھاندا ياخشى قىز قالمىدى»، «قىزلار، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا مومايغا ئايلىنىپ كەتتى... » دېيىشىپ، سىلەردىن ئاغرىندۇق، سىلەرگە قەبرە قاتۇردۇق ...سىلەرنىڭ گۇناھلىق يوللارغا مېڭىشىڭلارغا يېشىل چىراق يېقىپ بەردۇق. جەمئىيەتمۇ شېرىك. ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا ، ھازىر شىنجاڭدا 7مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قىزى زامانىۋى يېڭىچە قۇللار سۈپىتىدە، بايۋەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە «باۋمۇ »دېگەن نام بىلەن ئىشلەۋېتىپتۇ.

ئۆنىڭدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ئىقتىسادقا ئېرىشەلمەي، ئوقۇشسىز قېلىپ، مۇددىتىدىن بۇرۇن «يوتقانچى مەدەنىيتى »گە يۈرۈش قىلىپ، ئېتىزلىقلارغا سۆدەك سىڭىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئانچە ئاز ئەمەسلىكى، ھەربىر غۇرۇر ئېگىنى تەڭسىز سوئاللار دۇنياسىغا سەپەر قىلدۇرماي قالمايدۇ.جەمئىيەت ئۇلارغا ئوقۇش پۇرستىنى يارىتىپ بېرەلىدىمۇ؟ ‹«قىز بالا كۆپ ئوقسا يامان بولىدۇ؟! دېگەن بىمەنە قاراش نېمە ئۈچۈن پاچاقلىنىپ تاشلانمايدۇ؟ ئەنە شۇلار، كەلگۈسىدىكى ئانىلار ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بالا بېقىش جەريانىدا، «ئىككىنچى خوتۇن»سۈپىتىدە ئالدىنىدۇ،يولدىن چىقىدۇ! شۇلارمۇ ئوقۇسا،بىلىم ئالسا، دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىنى، ھوقۇق، ئەركىنلىك، ئادالەت،تۇغۇلۇش،ئۆلۈش ۋە مەنىلىك ياشاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقى،چىن ھېس قىلالىسا،ئۇلارمۇ قېنى ـ قېنىغا پاتماي، بىرەر قېتىم كۆلەلىسە نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ؟!

ئۆنىڭدىن باشقا، ئۆنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى سەۋەبلەرمۇ بار: 1 ـ ئائىلىۋى تەربىيىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشى. 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە مىللىچە ئەخلاق ئوقۇشلۇقى تەسىس قىلىنماسلىقى. 3 ـ ئەرلەردىكى سۈر ـ ھەيۋە ۋە يىگىتلىك جاسارەتنىڭ شەيتانلار بىلەن ئاشنا بولىۋالغانلىقى. 4 ـ باشقا پۇل تېپىش يوللىرىنىڭ تاقاقلانغانلىقى. 5 ـ بىر قىسىم ئىدارە ـئورگانلارنىڭ ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كىيىنىش ۋە يۈرۈش ـتۇرۇشتا چەك قويۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى. 6 ـ تېلىۋېزور مەدەنىيتىنىڭ،غەيرى تەسىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقى. 7 ـ كىشلەرنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ تاشقى گۈزەللىك ۋە پۇلغا مەركەزلىشىپ قالغانلىقى. 8 ـ ئۈچۈر ـ ئالاقە قوراللىرىنىڭ مىكرولىشىپ، يەر ـ شارىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كىچىكلەپ بېرىۋاتقانلىقى. 9 ـ ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر مەدەنىيتىگە دائىر تېلىۋېزور فىلىملىرىنىڭ كەم ئىشلەنگەنلىكى ھەم ئۇيغۇر تارىخىدىكى بالىلارغا خاس ئاجايىپ ئىسىل ئەسەرلەر بولسىمۇ، بالىلار كارتون فىلىمى قىلىنىپ ئىشلىنىپ، تارقالماسلىغى. 10 ـ مىللىي مائارىپ بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تولۇق بىر گەۋدىگە ئايلىنماسلىقى.11 ـ ئاجرىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى... قاتارلىق ئەھۋاللار قىز ـ ئايالالارنىڭ بىز تەكىتلەۋاتقان «گۇناھ دېڭىزى »غا غەرق بولىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. بىزدە مىللىي ئەخلاقنى تۈگەشتى دېگىلى بولمىسىمۇ، كەم دېگەندە، ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالدى،دېيىشكە بولىدۇ.

ئەرلەر يارىشملىق دوپپىسىدىن ۋە يانغا ئېسىپ، يورىيدىغان ئۇيغۇر پىچىقىدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، بەلكى، غۇرۇر ۋە شىجائەتنى نامايەن قىلىدىغان يارىشىملىق ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا كۆيە چۈشۈرۈپ قويىدى. ۋۇجۇدىمىزدىكى ياۋايىلىق، جەسۇرلۇق، ئىسيانكارلىق، باتۇرلۇق ئاللا قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. تۇزكورلۇق، قويمىچىلىق، مۇناپىقلىق روھىمىزنى بۇلغىدى. ئاياللاردىكى چىمەن دوپپا، قىرىق ئۆرۈم چاچ ،ئۆزگىچە نازۇكلۇق ،ئەۋرىشىملىك ۋە يارىشىملىق ئەتلەس كۆينەك خېرىدارسىز قالدى. سىرىق چاچ ۋە قىسقا يوپكا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بىردىن ـ بىر بەلگىسى بولۇپ قالدى.ئۇلار قەلب باياۋانلىرىنىڭ مەلۇم قاشاقلىرىغا «چاقچاق ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى »قۇردى ـ يۇ،ئەمما، دېرىكتورلىقنى باشقىلارنىڭ قولىغا تارتقۇزۇپ قويۇشتى. مەن تۆۋەندە ئاياللارنىڭ خورلىنىشى ھەققىدە بىر نەچچە ئەمەلىي مىسال كەلتۈرمەكچى: 1985 ـ يىلى جەنۇبتىكى مەلۇم بىر يېزىدا ئاينۇر (ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم )كەچلىك تاماق يەپ بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتاتتى، ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەن ھاراقكەش ئېرى توكنى ئۆچۈرۈش بويرۇقى بەرگەن. بىراق، ئاينۇر ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتقان. . .دېگەن بانا بىلەن پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان، بىراق بۇ ئىش چاقچاقلاشقان دېگەن سۆز بىلەن چىرايلىق ئاياغلىشىپ كەتكەن. 1999 ـ يىلى يېڭسار ناھىيىسىدىكى 22ياشلىق مۇنەۋۋەر (ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم ) قېيىنئانىسى بىلەن زاكۇنلىشىپ قېلىپ،ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن ۋە ئاچچىقىدا ئېرىگە ئاجرىشىش تەلىپىنى قويغان. ئېرى «بۇ گەپنى يەنە بىر قېتىم دەپ باققىنا دېگەن››، مۇنەۋۋەر بۇ گەپنى ئېغىزدىن ئۈچۈنچى قېتىم چىقىرىشىغا ئېرى پىچىقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ يۈز كۆزلىرىنى تىلىۋەتكەن. بۇ رەھىمسىز ئەر قانۇننىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ،مۇنەۋۋەر ئۆمۈرلۈك ئازاپقا دۇچار بولغان . . .يەنە جەنۇپنىڭ مەلۇم يېزىسىدا بىر ئۆگەي ئاتا 17 ئايلىق قىز بوۋاققا باسقۇنچىلىق قىلغان، بۇ ‹‹شىنجاڭ ئاياللىرى›› ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىپ،كىشىلەرنىڭ قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرىغان. ئۆز ھويلىسىغا ئەكىرۋالغان،80 ياشتىن ئاشقان دادىسىنى يالغۇز ياتمىسۇن دەپ بىر ئاتا ،ئۆزىنىڭ15 ياشلىق قىزىنى ھەمراھ قىلىپ، ياتقۇزۇپ قويسا،ھېلىقى نائەھلى بوۋىسى ھاملدار قىلىپ قويۇپ،ئۆمۈرنىڭ ئاخىرى ئىتنىڭ كۈنىدە ئۆتۈپ،ئەل ـ مەھەللىنىڭ لەنىتىگە قالغان.قېنى ئەرلەر،بىز ئۆزىمىزگە قاراپ باقايلى! پاشاگۈلنىڭ بىزگە

قامچا ئۇرۇشى لىللا بوپتۇمۇ؟...

بۇنداق مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز ئەرلەر ئاياللار ھەققىدە ئاز بولمىغان ئەقىدىلەرنى بازارغا سېلىپ كەلمەكتىمىز ؛مەن «تارىخ ،ئەزەلدىنلا ئەرلەرنىڭ تارىخى بولۇپ كەلدى. ئاياللار ھاياتلىقتا قوشۇمچە رول ئېلىشنىلا بىلىدۇ»، «ئاياللار سۆيۈق ئەرلەرنىڭ سۆيۈق دۇنياسى »،«گۈزەل قىزلاركۆڭۈل ئېچىشقىلا يارايدۇ،خوتۇنلۇققا ئەمەس»دېسەم ،ئۇ :«ئايال دېگەن بەربىر ئايال »، «ئايال بار يەردە پېشكەللىك ياغۇر » ،«خوتۇن دېگەن ئەرلەرنىڭ مۈلكى، قانداق ئىشلەتسە بولىدۇ»،«خوتۇننى ئۇرۇش قانۇنغا خىلاپ ئەمەس »...دەيدۇ.يەنە بىرسى بولسا «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن ،ئەقلى قىسقا»،«ئاياللار قانداقمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ تۇرالىسۇن »،«ئەر خەق خوتۇن خەقنىڭ پات ـ پات نوخۇلىسىنى ئېلىپ تۇرمىسا، بولمايدۇ ...»دېيىشمەكتە ...ماھىيەتتە، بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھېچقايسىسى يۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ سىلەر قىز ـ ئاياللارغا: «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس »،«ھىڭگايمىسا دىڭگايماس »،«ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن ،ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن».دېگەندەك سۆزلەرنى ئەسكەرتىپ تۇرغىنىمىز تۈزۈكمىكىن!

بىز سىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويالماي تۇرۇپ، سىلەردىن گۇمانلانساق، سىلەردىن ئاغرىنساق ...قېنى ، بىزدىكى ئەركەكلىك ؟!قېنى بىزدىكى ۋىجدانىي بۇرچ؟!

ھۆرمەتلىك پاشاگۈل! بۇنىڭدىن **3000**يىل بۇرۇن «ئۆزۈڭنى بىل، ئەدەپكە قايت! »دېگەن مەشھۇر ھېكمەت بارلىققا كەلگەنىكەن ،بىز پىكىر قىلغاندا «بەزىلەر ...دەپ سۆز باشلاشقا شۇ قەدەر ئۇستا بولۇپ كەتتۇق، ئۆزىمىز ھەققىدە تەنقىدى پىكىر قىلىشقا پېتىنالمىدۇق. مېنىڭچە، بۇ ئىنسانىيى پەزىلەتكە مۇناسىۋەتلىك نازۇك مەسلە. كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، سىلەر قىز ـ ئاياللارغا قارايدىغان ھەم تۇرمۇش غەلۋىردە ئادىل تاسقايدىغان بولساق، زاۋۇتتا قايتا باسسىمۇ ئادەم قىياپىتىگە كىرمەيدىغان قىز ـ ئاياللارمۇ مەۋجۇت، ئەلۋەتتە. ئەلۋەتتە ئەرلەرمۇ مەۋجۇت. بىر قىسىم قىزلار ئەۋزەل شارائىت قۇچاق ئېچىپ تۇرسىمۇ ئىزدىنىشتىن ۋاز كەچكەن، يەنە بىر قىسىم قىزلار، بايۋەتچىلەرنى «تىللا تۆكىدىغان دەرەخ »دەپ قاراپ، ئۈچىنچى شەخس سۈپىتىدە ئىناق ئائىلىلەرنى بۇزۇش كويىدا غەلىتە كومېدىيلەرنى ئويناشماقتا ،يەنە بىر قىسىم ئاياللار ئېرىنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ نادانلىقىدىن ياكى

خىزمەتتىكى جىددىيلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، تەكرار گۇناھ سادىر قىلماقتا، مۇشۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن سەبىي باللار يېتىملىك ئۆتەڭلىرىدە قايمۇقۇپ يۈرمەكتە ...

يەنە بىر قىسىم ئاياللار پەرزەنت تەربىيەلەشتە ئۆز مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقتا. ھەتتا ئۇلار « ئورۇقلاپ كېتىمىز، فىگورىمىز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» ياكى «ھۆسن ـ جامالىمىزغا تەسىر يېتىدۇ» دېگەن پىكىرلەرنى بازارغا سېلىپ، ئۆز باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بوۋاقلارغا ئوغۇز سۈتىنى بېرىشكە پىقسىقلىق قىلىپ، ئۆزى تۇغالايدىغان تۇرۇپمۇ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ، بوۋاقنى ئاسانلا دۇنياغا ئاپىردە قىلىپ، ھەرخىل نامالاردىكى تەييار ئىش قوشۇلغان سۈت پاراشوكلىرىنى بەرمەكتە ... مۇشۇنداق بىمەنە قىلىقلىرى ئارقىلىق، باللارنىڭ تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇڭا ھازىر ھايۋان سۈتى بىلەن چوڭ بولغۇاتقان بىر تۈركۈم باللاردا ھايۋانى خىسلەت كۆچىيىپ بارماقتا ...بۇ بىر بۆلۈك ئاياللارنىڭ ئۆز باللىسغا ئاسىيلىق قىلغىنى. ماھىيەتتە، بىر پۈتۈن مىللەت ساپاسىغا ئاسىيلىق قىلغىنى بولماي نېمە؟! نۆۋەتتە ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى تەكىتلەنمەكتە. ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە بولغان تونۇشى،كۆزقارىشى كۆپ قىرلىشىپ كۈندىن ـ كۈنگە گارمونىيىلىك تۈس ئالماقتا ... ئاياللارنىڭ ئەھمىيەتسىز قاتار چايلىرىنىڭ كۆپىيىشى، باللارنى غېرىبسىندۇرۇپ، تورخانىغا يۈگۈرۈتسە، ئەرلەرنى ھارام بولغان ھاراققا چىلاشتۇرماقتا.

گوركى: «ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىكەن، بۇ ھۆكۈمدىن ئاياللار ئەرلەرگە ھەرقانداق مۇئامىلە قىلسا بولىۋېرىدۇ دېگەن يەكۈنگە ئېرىشەلمەيمىز، تارىخقا ۋە بۈگۈنمىزگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، تەكلىماكان بوستانلىقىدا تۆرۈلۈپ، يۇرت بىنا قىلىپ، ئىنسان سۈپىتىدە ياشىغان ھەم ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىمۇ ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، غەيرەت ـ جاسارىتى، باتۇرلىقى ۋە تىرىشچانلىقى ...بەدىلىگە مۇشۇ گۆھەر زېمىننى قۇرۇپ چىقىشتا، گۈللەندۈرۈشتە باش رول ئالغان ئەمەسمۇ ؟! ئۇلار ھەر جەھەتتىن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان،مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان

بولغان90% ئەرلەر ئەمەسمۇ ؟! ھەتتا، ئۇلار سىلەرنى ئاسراپ، سىلەردە ئۇيغۇرچە نازۇكلۇق، ئۇيغۇرچە ئەۋرىشىملىك ۋە ئۇيغۇرچە ھېس ـ تۇيغۇنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس تىكلەپ بەرگەن ئەمەسمۇ ؟!

ھېلىمۇ، تەكلىماكاننىڭ ئەتىسى ئۇچۇن ئاجايىپ روھ بىلەن ئىزدىنىۋاتقان، سىلەرگە مەردانە قىياپەت بىلەن ئاتىلارچە مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان، ئاجايىپ باھادىر ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ھېلىمۇ تولۇپ يېتىپتۇ.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان قىز ـ ئاياللار ئومۇمى قىز ـ ئاياللارنىڭ بىر قىسمى بولغىنىغا ئوخشاش،پاشاگۇل،سىز تىلغا ئالغان ۋە بىز ئېتىراپ قىلغان ئەركەكلەرمۇ ئومۇمى ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ بىر قىسمى . دادىللىغىڭىزغا، جاسارىتىڭىزگە قايىلمەن،پاشاگۇل.مەن سىزنىڭ ئاز،لېكىن تېتىملىق ئەسەرلىرىڭىزگە،ئىزچىل دىققەت بىلەن قاراپ، ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن.بولۇپمۇ يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان،ھېسياتقا تويۇنغان شېئىرلىرىڭىز،كىشىگە ئالەمچە زوق بېغىشلايدۇ. شۇنەرسىمۇ ئېسىڭىزدە بولسۇن،پاشاگۇل.سىلەر قىزلارغا: «ئەركەك تۈكى بار، مەرت، باتۇر، مەسئۇلىيەتچان ،ئىجادچان... يىگىتلەر كېرەك» بولغىنىغا ئوخشاش، بىز ئەركەكلەرگىمۇ ئەقىللىق،بىلىملىك،كوپ كىتاب كۆرىدىغان، نازۇك، نومۇسچان،تىرىشچان، يۈزى تۆۋەن، ئائىلە ئىشىغا پۇختا،ئۆي تۇتۇشقا ماھىر، ...قىزلار كېرەك. ئەلۋەتتە، سىز «يىگىتلەر، تۇپراق ھەرقانچە مۇنبەت بولسىمۇ ئۇنىڭغا پۇچەك ،ناچار ئۇرۇق چۇشۇۋەرسە مۇنبەت تۇپراقنىڭ نەتىجىسى قانچىلىك بولماقچى ئىدى»دېگەن سوئالنى قويۇپسىز،دېمەكچى بولغىنىڭىز ناھايىتى توغرا. بىراق، شورلىشىپ كەتكەن، قۇرغاق، ئۇنۇمسىز تۇپراققا ياكى زەيكەش تۇپراققا ھەرقانچە دانلىق، ئېسىل ئۇرۇق چۇشسىمۇ ھوسۇل ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۇچۇن تۇپراقنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلمىغانسىز؟! ئەگەر سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى قېدىرىپ، تەكشۇرۇپ مۇنبەت تۇپراققا ئايلىنالىساڭلار،بىزمۇ ئۆزىمىزگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، ئۇرۇق سورتىمىزنى ئەلالاشتۇرالىساق، چوقۇمكى، ئالغان ھوسۇلىمىزنىڭ دېنى پۇچەك بولمايدۇ.

ئەگەر بىز ئەركەكلەر سىلەردىن ئاغرىنىپ، بارلىق گۇناھنى سىلەرگە ئارتىپ قويساق،سىلەر

بىزدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، گۇناھنىڭ مەنبىئى ئەرلەردىلا دەپ كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىپ، خالىغان قىلىقلار بىلەن شۇغۇللانساڭلار ...ئۇ ھالدا ئەتراپىمىز «گۇناھ دېڭىزى »غا ئايلىنىپ «پاكلىنىش كۆلى» نىڭ ئادىرىسىنى تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز.

سىزچە قىز ـ ئاياللاردا پەقەتلا گۇناھ يوقمىدۇ؟ پۈتۈن گۇناھ بىز ئەرلەردىلامىدۇ؟

ھۆرمەتلىك پاشاگۈل، سىز ئايال ئاپتورلار ئىچىدە بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن يۈلتۇز،قىز ـ ئاياللار ھەققىدىكى ئېزدىنىشلىرىڭىز، يازغان ئەسەرلىرىڭىز ھەققىدە چوڭلارمۇ بەلگىلىك باھالارنى بەرگەن.سىز چوقۇم ھەققەت مەيداندا تۇرۇپ،ئەر ـ ئاياللارغا،ھەققانىي باھا بېرىشىڭىز كېرەك،بىر قىز بولغىنىڭىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە، قەلبىڭىزنىڭ قىز ـ ئاياللارغا مايىللىغىنى چۈشۈنۈشكە بولىدۇ.بولسا قىز ـ ئاياللار ئىچىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنى ئاپ ـ ئاشكارە ئوتتۇرغا قويۇپ،پات ـ پات قامچىلاپ تۇرسىڭىز،مەن ئەرلەر ئىچىدىكىنى ئوتتۇرغا تاشلىسام،ئاندىن پۈتۈنلۈك بىلەن ئاۋامنى مۇكەممەللىككە يۈزلەندۈرسەك.قالتىس ئىش بولاتتى.ئەڭ يېقىملىق گۈمراھلىققا قارىغاندا،ئەڭ ئاچچىق ھەققەت ئەۋزەل.

«شىنجاڭ باج ئىشلىرى»(2002 ـ يىلى 2 ـ سان)

# ھۆرمەت، قىممەت ۋە ھىممەتكە ياندىش خىياللار

**مۇتەللىپ ئىقبال**

1

خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم راھىلە داۋۇتنىڭ ھىممىتى بىلەن چەتئەلگە چىقىش ئارزۇيۇم ئاخىرى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئەسلىدە بۇنداق تاساددىبىي پۇرسەتلەرنىڭ ماڭا نىسىپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. ئەمما تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىزنىڭ ئوي ـ خىيالىمىز ۋە تەپەككۇرىمىزنىڭ سىرتىدا يۈشۈرۈن رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن ۋە ھاياتىمىزنىڭ چېغىرلىرىنى سىزىپ تۇرىدىكەن.

چەتئەل ماڭىلا ئەمەس، نۇرغۇن ئوت يۈرەك كىشىلىرىمىز ئۈچۈن بىر چۈش. يېقىنقى يىللاردىن

بۇيان چەتئەلگە چىقىپ كۆرۈپ بېقىش، ئوقۇش، ئىش تېپىپ ئىشلەش قاتارلىقلار بىر قاتار مەقسەتلەر بىلەن نۇرغۇن كىشىلىرىمىز چەتئەل تۇرمۇشىنى بېشىنى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىلا غايۋى بىلىنىپ كەلگەن چەتئەلدىكى تۇرمۇش كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى نامايان قىلغاندىن كېيىن، يەنە «جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەن دېگەن ماقال ـ تەمسىلىمىز كىشىلەرنىڭ ئېغىزىغا ئېلىنىشقا باشلىدى. بەزى مەتبۇئات ۋە تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا بۇ ھەققە نوپۇزلۇق كىشىلەر سۆزلىگەن، چەتئەلنىڭ چۈش ئەمەس، بەلكى ئالدىراپ چىقىشقا بولمايدىغان جاي ئىكەنلىكىدەك قاراشلار ئىلگىرى سۈرۈلگەننىمۇ بولدى. بۇ خىل قاراشنىڭ رېئاللىقتا مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بار بولۇپ، مۇتلەق ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايتتى. چۈنكى ھەقىقىي يوسۇندا چەتئەل تۇرمۇشىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ باققان بەزى كىشىلىرىمىز چەتئەلدە ماددىي جەھەتتىن تەڭ قىسلىق تارتقان، روھىي جەھەتتىن تەنھالىقتا قالغان ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ ھەرقانداق بىر سەپەرگە چىققان كىشىنىڭ سەپەر جەريانىدا ياكى نىشان ـ مەنزىلىدە ئۇچرايدىغان ھادىسە ئىدى. ماددىي جەھەتتىكى تەڭ قىسچىلىق ۋە روھىي جەھەتتىكى غېرىبلىق ھەرگىزمۇ ھازىرقى دەۋرگىلا خاس ھادىسە ئەمەس. چەتئەل توپرىقىغا قەدەم باسقان كىشى ئەلۋەتتە بىرەر يىلغىچە يىڭى تۇرمۇشقا كۆنەلمەسلىك توپەيلى ھەر جەھەتتىن قىينىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردىن بىلىشىمچە، چەتئەلگە چىققانلار ئەركىنلىككە ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتكە ئېرىشىدىكەن، ئەمما ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىق، يۇرت، دوستلۇق مېھرىدىن كېچىدىكەن. يەرلىكتە ياشاۋاتقانلار مەلۇم دەرىجىدە پاراغەتتە، مېھرى ـ مۇھەببەت قۇچىقىدا ياشايدىكەن، ئەمما ئىنسانىي خاسلىقى تازا نەزەرگە ئېلىنمايدىكەن. بۇ چەتئەلدىكى بىر نوپۇزلۇق ژۇرنالدىكى تەتقىقات ماقالىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى تۈپەيلى، بالىلارنى چەتئەلگە چىقىرىدىغان خاھىش ئۇرۇمچىدەك چوڭ شەھەردە يىغىلىق بولۇشقا باشلىدى. ئەمما بالىلارنىڭ چەتئەلگە چىقىرىدىغانلار پۇللۇق كىشىلەر بولۇپ، دەسلەپكى بىر ـ ئىككى يىلدا بالىلارنىڭ چەتئەلدىكى بارلىق چىقىملىرىنى ئۆز يېنىدىن قامداپ بېرەتتى. ئەگەر مەلۇم بىرەيلەن ئامېرىكىدا ئوقۇماقچى بولسا ئوقۇش ۋە خىراجەت ئۈچۈن يىلدا 300مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل كېتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇستىگە بانكىدا قۇيۇلغان مەلۇم مىقداردىكى پۇلمۇ، چەتئەلدىكى مەكتەپنىڭ ئوقتۇرۇش قەغىزىمۇ بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بىر خاھىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدە ئوقۇۋاتقان بەزى باللار ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەزىلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەييار مال ـ دۇنيالىرىنى بۇزۇپ چېچىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى خاراب قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن چەتئەل راستىنلا جەننەتمۇ دېگەن سوئال پۈت باسماس نەرسىگە ئايلىنىشقا باشلىدى.

تىمغا قايتىپ كەلسەك، ئوقۇش مۇكاپات بىلەن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بىر ئىستەك بىلەن تىرىشۋاتقان كۆنلىرىمنىڭ بىرىدە چەتئەلگە چىقىش، چىققاندىمۇ خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىششتەك تەقدىر ماڭا نىسىپ بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ تەقدىرىنىڭ نىسىپ بولۇشىدا ئۇستازىم راھىلە داۋۇتنىڭ ھىممىتى ۋە ئەنگلىيە لوندون ئۇنىۋېرستىتى شەرق، ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرق تەتقىقات مەركىزى(SOAS)دىكى راچېل خاررىس(**Rachel Harris**) خانىمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تولۇق ئىشقا ئاشتى. ئەمەلىيەتتە بۇنى ئۇستازىمنىڭ مىنىڭ كەلگۈسىمگە بولغان ئۈمىدىنىڭ سىرتقا پارتلاپ چىقىشى دېسەك توغرا بولاتتى. چۈنكى راھىلە داۋۇت مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان مۇئەللىملەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھە دېسىلا بىزگە ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئىلتىماس قىلىش ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمىزغا ئېرىنمەي ئەۋەتىپ تۇراتتى. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم. بۇ قېتىم ئۇستازىم چەتئەلدىكى بىر نەچچە يىغىنلارنى رەت قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا چەتئەلدىن يىغىنغا قاتنىشىپ توغرىلىق كەلگەن چاقىرىقلار ئۇنىڭ ۋاقتىنى ھە دەپ تالىشۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇستازىم بۇ يىغىنلارنىڭ ۋاقتىغا قارىتا مۇرەسسە قىلدى ۋە ئەنگلىيىدىكى يىغىنغا قارشى تەرەپنىڭ تەلىپى بىلەن مىنى ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. ئەسلىدە ئۇ ئامېرىكىدىكى يىغىندىن قايتىپ ئەنگلىيەگە بارسىمۇ يىغىنغا يەنە ئۈلگۈرەلەيتتى. ئەمما ئۇ:«سىز بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، ئۇ يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار، دوكتور يېتەكچىلىرى قاتنىشىدۇ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، كەلگۈسىدىكى دوكتۇرلۇق ئوقۇشىڭىز ئۈچۈن ئاساس سېلىپ كېلىڭ.» دەپ بۇ پۇرسەتنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەردى. مەن مۇئەللىمنىڭ بۇ خىل ئالىيجانابلىقىدىن چەكسىز سۆيۈندۇم ۋە ئىپتىخار ھېس قىلدىم. ئەنگلىيەدە يىغىنغا قاتنىشۋاتقان مەزگىلدە ئەنگلىيە

مەنچېستېر ئۇنىۋېرستېتىدا ئىشلەيدىغان ئابلىمىت باقى ئاكىمىزمۇ مۇئەللىمىنىڭ بۇ پەزىلىتىدىن سۆيۈندى ۋە ئالاھىدە تەرىپلىدى.

ئادەتتە چەتئەلدە ئوقۇۋاتقۇچىلار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماقچى بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسىگە ۋە دەسلەپكى تەسىراتىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا مەن بۇ پۇرسەتنى ئۆزۈمگە كەلگەن ئامەت دەپ بىلىپ سەپەر ۋە يىغىن ماقالىسى تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدىم. راچىل خانىمغا مىنىڭ تەرجىمىھالىم(CV) ۋە يىغىن ماقالىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئەۋەتىپ بەردىم. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش سالاھىيىتىم تەستىقلىنىپتۇ. چۈنكى ئۇلار يىغىندا ئوقۇلىدىغان ماقالىلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئەھمىيىتىگە بەكرەك قارايتتى. بۇ يىغىن «مەركىزى ئاسىيانىڭ مۇزىكىلىق جۇغراپىيىسى»، يەنى (Asia Musical Geographies of Central) دېگەن تېمىدا ئىدى. مەن «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئورۇنلىنىش سەنئىتى» توغرىسىدا دېگەن تېمىدا ماقالە تەييارلىدىم. يىغىندا ئوقۇيدىغان ماقالەمنى ناھايتى ئوڭايلا پۈتكۈزىۋالغان بولسامۇ، ئەمما مىنىڭ ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىش ئىلتىماسىم ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى.

ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىشتىن بۇرۇنلا لوندون ئونىۋېرستېتى مۇزىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى سەئىدە (Saida Daukeyeva) بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئېلخەت ئالاقىسى قىلىپ ئۆرۈمچىدىن بېيجىڭغا، بېيجىڭدىن لوندونغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بىلىتىمۇ ئالدىن زاكاز قىلىنىپ بولدى. ئەمما مىنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىمنىڭ ۋاقتىنىڭ ئالدى-كەينىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىلەت مۇقىملاشتۇرۇلمىغان ئىدى.

بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن باشلاپ، ۋىزا ئىلتىماسىنى توردا قوبۇل قىلىدىغان، توردا كۆرۈشۈشنى ئالدىن بېكىتىدىغان سىياسەتنى يولغا قويغان بولۇپ، مەنمۇ تەرتىپ بويىچە بېيجىڭغا ماڭماستىن بۇرۇن توشقۇزىدىغان جەدۋەللەرنى توردا توشقۇزۇپ، ئالدىن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىپ قويدۇم. ئەنگلىيەگە ۋەكالىتەن ۋىزا بېجىرىشنى بېجىرگىدىكى بىر ئورۇن ھۆددىگە ئالغان بولۇپ، ئورنىنى تاپماق بەك تەس بولدى. بۇ ئورۇننى تاكسى شوپۇرلىرىمۇ بىلمىگەچكە ئالدىن بېكىتىلگەن ۋاقتىم ئاللىقاچان 2سائەتكە يېقىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىلتىماسنى كۆرسىتىپ كىرىپ ماتېرىياللىرىمنى تاپشۇردۇم. ۋىزا ئىلتىماسنى قوبۇل

قىلىش ئورنىدا خەنزۇلار خىزمەت قىلاتتى. مۇناسىۋەتلىك خادىم ئىلتىماسىمنى بىر قۇر كۆرۈۋەتكەندىن كېيىن بەزى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك جايلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تېزدىن ئۆزگەرتىپ كېلىپ، قايتا تاپشۇرۇشۇمنى ئېيتتى. ئىلتىماسنى پەقەت توردىلا ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان بولغاچقا تورخانا ياكى قەھۋاخانا ئىزدەپ يۈگۈردۇم. ئەمما بېيجىڭدا تورخانا ناھايىتى ئاز بولۇپ، قەھۋەخانىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە تور مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىمەيدىكەن. ماتېرىيالىمنى قايتا تاپشۇرۇپ بولۇپ ئۆھ دېدىم. چۈنكى مەن ۋىزا بېجىرىش ئۈچۈن پەقەت ئالتە خىزمەت كۈنىلا پىلانلىغان بولۇپ، ئەگەر بەلگىلەنگەن كۈندە ماتېرىيال تاپشۇرمىسام ۋىزا ئىلتىماسىم كېچىكىپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئايروپىلان بىلىتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە يېڭىغا ۋاقتىدا بارالمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قايتىدىن ئىلتىماس قىلىشقا توغرا كەلسە ئۈچ كۈندەك ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى توردىن ئالدىن كۆرۈشۈش ۋاقتى بەلگىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتنى ئالدىغا سۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئايروپىلان ئۇچىدىغانغا ئىككى كۈن قالغاندا ۋىزا ئىلتىماس قىلىپ ئورنىغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلسام ۋىزام تېخى چىقماپتۇ. قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ ئايروپىلان بىلىتى يېڭى باشلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۇچىدىغانغا ئالدىن زاكاز قىلىنىپ بولغان بولۇپ، ۋىزا بولمىسا بېلەت پۇلى زىيان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەستە قولغا كەلگەن يېڭىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولمايتتى. ۋىزا ئىلتىماس قىلىش مەركىزىدىن لاسسىدە بولۇپ قايتتىم. كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋىزا ئىلتىماسىم ھەققىدىكى خەۋەرنى راچېل ۋە سەئىدەلەرگە ئەۋەتتۇەتتىم. چۈنكى ئۇلار ۋىزا ئىلتىماس جەريانىنى ۋە نەتىجىسىنى ئۇقتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇ يېڭى راچېل ۋە سەئىدەلەرنىڭ بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن رويابقا چىققان، Trust for Culture AKTC Aga Khan (بۇ فوند جەمئىيىتى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئىقتىساد،ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ فوندنىڭ يەنە باشقا نۇرغۇن جەمئىيەتلىرى بولۇپ، شىئە مەزھىپى ئىسمائىلىيە تارمىقىنىڭ 49 ـ ئۇستازى ئاگاخان نامى بىلەن ئاتالغان) نامىدىن راسخوت ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى يەنە باردىم، ئايروپىلان چۈشتىن كېيىن ئۇچاتتى. مەن ۋىزام بۇ كۈنى چۈقۇم

چىقىدۇ دەپ قارايتتىم. چۈنكى ئىلتىماس مەركىزىنىڭ تورىدا ئادەتتە 3 ـ كۈندىن 7كۈنگىچە مەن ئىلتىماس قىلغان ۋىزا ئىلتىماس تۈرى 90% ئەتراپىدا تەستىقلىنىدىغانلىقى توغرىلىق ئۇچۇر بار ئىدى. بېيجىڭغا بۇرۇنراق بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ، توردىكى ئۇچۇرلارغا قاراپ 7~8كۈنلەرنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىغا يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەن ئىدىم. ئەمما بۇ كۈنى راستىنلا تەلىيىم تەتۈر كەلدى. ۋىزام يەنىلا چىقمىغان ئىدى. بېشىمدىن تۈتۈن چىقتى. ئايرۇپىلان چۈشتىن كېيىن ماڭىدۇ. بۈگۈن ماڭمىسام يىغىنغا كېچىكىپ قالىمەن؟ قانداق قىلغۇلۇق؟ خىزمەتچى خادىمغا قايتا ئۆتۈندۈم، ئەمما ۋىزام تېخى چىقمىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن راچېل ۋە سەئىدەلەرگە خەت يېزىپ ئايروپىلان بىلىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋەتتىم. ئۇلار ئالدىنقى كۈنىلا مىنىڭ ۋىزام توغرىلىق ئەنگلىيەنىڭ بېيجىڭدىكى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئەمما بېيجىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ۋاقىت پەرقى تۆپەيلى تېخى ۋىزام توغرىلىق بىرەر ئۇچۇر يوق ئىدى. سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ كونسۇلخانىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدىن يېنىپ چىقتىم ۋە بېيجىڭدىن ئېنگىلىزچە كىتاب سېتىۋېلىش خىيالى بىلەن ۋاڭ فۇجىن كىتابخانىسىغا باردىم. چۈشتىن كېيىنمۇ بولدى. مىنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىمدىن خەۋەردار بولغان راچېل خانىم تۇلىمۇ تىت ـ تىت بولغان ئىدى ۋە تېلېفونۇمغا بىر نەچچە قىسقا ئۇچۇر يوللىدى. كىتابخانىدا كىتاپ كۆرۈپ تۇرسام ئۇستازىم راھىلە داۋۇت تېلفۇن قىلىپ ۋىزا ئىلتىماسىمدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن چۈشتىن كېيىن ۋىزا ئىلتىماس قىلىش ئورنىغا بېرىپ بېقىشىم كېرەكلىكىنى، ئەتىسى ئەتتىگەن چوقۇم يەنە بىر سۈرۈشتە قىلىشىمنى ۋە راچېل بىلەن ئالاقىلىشىپ يىغىنغا كېچىكىپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن راچېل بىلەن بۇ ھەقتە ئالاقە قىلدىم. ئانغىچە ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ بېيجىڭدىكى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلاشقان بولۇپ، ۋىزا رەسمىيىتىمنىڭ ئالدىنقى كۈنىلا بېجىرىلىپ بولغانلىقىنى، خادىملارنىڭ ۋاقتىدا ئېلىپ كەتمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ راچېل خانىم كېچىپ كەلسەممۇ كېلىشىمنى، ئەتە ئەتتىگەندىلا پاسپورتۇمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىشىمنى ئېيتتى. ئادەتتە ئەنگلىيەنىڭ ۋاقتى بۇ يەردىن يەتتە سائەت كېيىن بولۇپ، راچېل خانىم ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ تېلفۇنۇمنى ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تۈنجى قېتىم چىگرا ھالقىش ھارپىسىدا ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتكە بولغان ھۆرمەتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدىم. ھاياتىمدا

شۇ مىنۇتلارغا قەدەر كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمنىڭ، ئىنسانىي خاسلىقىمنىڭ بۇ دەرىجىدە چوڭ كۆرۈلىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. چۈنكى مەندەك بىر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى ئۈچۈن خەلئارالىق يىغىنغا قاتنىشىش پۈرستى جۇڭگودا دىگۈدەك تېپىلمايتتى. بۇنچىلىك قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىش جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسپەتەن چۈش ئىدى. مىنىڭ مۇنداق دىيىشىم مىنىڭ كىچىككىنە ھاياجىنىمدىن بولغان ئەمەس. مەن لوندون ئونىۋېرسىتىتىدىكى بۇ قېتىمقى يىغىنى تەشكىللىگەن ۋە خىراجەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن تەرەپنىڭ چەكسىز غەمخورلىقىغا نېسىپ بولغان ئىدىم. ئۇلار مالال كۆرمەي مىنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىمنىڭ بېجىرىلىشىگە ئارىلاشقان، يىغىنغا كىچىكىپ بارساممۇ كىلىشىمنى تاپىلىغان ئىدى. مەن ئالاھىدە شەخس ئەمەس، ئالاھىدە تالانتلىقمۇ ئەمەس. مەن لوندون ئونىۋېرسىتىتى مۇزىكا تەتقىقات ئىنىستىتوتىغا ئالاھىدە شەرەپمۇ ئېلىپ كەلمەيمەن. مەن پەقەت ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارغا كىچىككىنە ئۇچۇر بىرىمەن خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە داستانچىلىق ئەنئەنىسى تۈركىي مىللەتلەرگە ناتونۇش ھادىسە ئەمەس. بۇ ھەقتە خەلقئارادا نوپۇزلۇق نەزىرىيەلەردىن پارى ـ لورد نەزىرىيەسى(lord Milman Parry and Albert) ـ "مەدداھلار" ناملىق نۇرغۇن كىتابلار نەشىر قىلىنغان ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي خاسلىقىمنىڭ شۇ قەدەر ھۆرمەتلەنگەنلىكىدىن چەكسىز مىننەتدار ئىدىم. شۇ چاغدا غەرب دۆلەتلىرىدىكى كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، دېموكراتىيەنىڭ تەمىنى بېيجىڭدا تۇرۇپ تېتىغاندەك بولدۇم....


**2**

مەن ئولتۇرغان ئايروپىلان بېيجىڭدىن شىياڭگاڭغا، شىياڭگاڭدىن لوندونغا 15سائەت ئەتراپىدا ئۇچقاندىن كىيىن لوندون Heathrowئايرودورۇمىغا يىنىككىنە قوندى. ئايروپىلاننىڭ دەرىزىسىدىن پەسكە قاراپ ئەنگلىيە تېررىتورىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرىۋېلىشقا تىرىشقان بولساممۇ، ئەمما پەستىكى تۇمانلار مىنىڭ بۇ خىيالىمغا ئارام بەرمىدى. ئايروپىلا قونۇشقا 20مىنۇت قالغان ۋاقىتتىلا لوندون ئاسمىنىدىن بۇ زېمىننىڭ قانچىلىق يېشىلچىلىق بىلەن تولغانلىقىنى بىلىپ ئۆلگۈردۈم. يەر يۈزى بەئەينى پوتبول مەيدانىدەك يېشىل ئىدى. ئايروپىلان پەسلىگەنسىرى بۇ بىپايان يېشىل ۋادىنى كىسىپ ئۆتكەن ئىرماش ـ چىرماش يوللار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ..

ئايروْپىلاندىن چۈشۈپلا راچېل خانىم دەپ بەرگەن يەر ئاستى پويىز(Tube) ئادرېسى بويىچە روسسېل مەيدانى(square london russell) بېكىتىدە چۈشۈپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات مەركىزىگە يېقىن يەردىكى ئالدىن زاكاز قىلىنغان مېھمانخانىغا يېتىپ باردىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم چەتئەلگە چىقىشىم بولۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭى ئىدى، تەلىيىمگە يارىشا بارىدىغان جايىمنى ئۆزۈم تېپىپ بارالىدىم. ماڭا تەسىر قىلغىنى لوندوندا يەر ئاستى پويىزى قاتارلىق قاتناش بېكەتلىرىدە كۆندىلىك خەۋەرلەر گېزىتلىرى ھەقسىز تارقىتىلىدىكەن. كىشىلەر ئەتتىگەندە يەر ئاستى پويىزىدا ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇيدىكەن. گېزىت ئوقۇمايدىغان ئاز ساندىكىلىرى مۆزىكا ئاڭلايدىكەن ياكى جىمجىت خىيال سۈرىدىكەن.

مېھمانخانا مۇلازىمەتچىسىگە پاسپورتۇمنى بەرگەندىن كېيىن ماڭا ئالدىن زاكاز قىلىنغان ياتاقنىڭ كارتىسىنى بەردى. نەرسە كېرەكلىرىمنى قويۇپ، كارۋاتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم. چۈنكى ئايروْپىلاندا ئالاھىزەل 15سائەت ئۇچۇش ماڭا ئېغىر كەلگەندى. يۈز كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، پەسكە چۈشۈپ، ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىدىن راچېل خانىمغا تېلېفون ئۇردۇم. بۇ يەردە كوچىلاردا ئاممىۋى تېلېفون بوتكىلىرى كۆپ ئىدى. رايونىمىزدا بۇنداق ئەسلىھەلەر بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى تازا ئومۇملاشمىدى، ئاخىرىغا كەلگەندە تېلېفوننىڭ تورۇپكىلىرى ئوغۇرلاندى، ئەينەكلىرى چېقىلدى ياكى تەگكە تاشلىنىدىغان يەرلىرىگە تۆمۈر، تاش قاتارلىقلار پاتۇرۇۋېتىلدى. لوندوندا ئاممىۋى تېلېفون ھەققى خېلىلا قىممەت ئىكەن.

راچېل خانىم تېلېفوننى ياردەمچىسىگە تۇتقۇزغان بولۇپ، ئۇ ئالدىمغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لوندوندا بىنالارغا، دۇكانلارغا، مەكتەپلەرگە بۇ يەردىكىدەك يوغان ۋە رەڭلىك قىلىپ ۋىۋىسكا ئاسمايدىكەن. پەقەت تامغا بىر نەچچە خەتلا چاپلاپ قويۇلىدىكەن. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق، ئافرىقا تەتقىقات بۆلۈمىنىڭمۇ چوڭ دەرۋازىسى يوق بولۇپ، كوچىدىكى باشقا دۇكانلار بىلەن بىر گەۋدە ئىكەن. بۇ يەردىكىدەك مەكتەپلەرنى چوڭ رىشاتكا ۋە تاملار بىلەن قاشالاپ، بىر نەچچە قاراۋۇللىرى بىلەن ساقلىمايدىكەن.




يىغىن ئىككىنجى قەۋەتتە بولۇپ، پەقەت پەسكە بىر تاللا كۆرسەتمە قويۇپ قويۇلغان ئىدى. يىغىن مەيدانىدا ھېچقانداق ۋەۋسىكا تارتىلمىغان ئىدى. ياندىكى بىر جوزا ئۈستىگىلا يىغىننىڭ كۈن تەرتىپلىرى ۋە بىر نەچچە ژۇرنال قويۇپ قويۇلغان ئىدى. مەن ھەيران قالماي تۇرالمىدىم. بۇ يەردە نە رەسمىگە تارتىدىغان كىشى، نە يىغىن داغدۇغىسىنى قىلىدىغان رەئىس سەھنىسى يوق ئىدى. يىغىن رىياسەتچىسى بىر ياندىكى ئۈستەلدە يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى. مەن يېتىپ بېرىشىم بىلەن كىلىشىمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن راچېل خانىم، سەئىدە(لوندون ئونۋېرستېتىنىڭ مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ، يىغىننىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىنىڭ بىرى) مىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

شۇنىسى قىزىقارلىقى لوندۇندا كۆپىنچە ئورگانلار ئەتىگەن سائەت 9.30 ۋە 10لاردا ئاندىن ئىشقا چۈشىدىكەن. چۈشتە كۆپ دەم ئالمايدىكەن. يىغىن زالىغا كىرىدىغان يەرگە تاتلىق تۈرۈملەر، ئىچىملىكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يېرىم سائەتلىك **coffee break** تە ئۇنى بۇنى يەپ قورساقنى ئەستەرلەپ يىغىننى داۋاملاشتۇردۇق.

يىغىن ناھايتى ئەھمىيەتلىك ۋە مۇنازىرىلىك بولدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇزىكانتلار، مۇزىكا ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ھادىسلىرى توغرىسىدا بەس مۇنازىرە قىلىشتى. ھەر بىر تەتقىقاتچى 10مىنۇت ئەتراپىدا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بەش مىنۇت ئەتراپىدا سوئال سورىلاتتى. غەرب دۆلەتلىرىدە تەتقىقاتچىلار سۇئالنى ھەرگىز بىۋاستە سورىمايدىكەن. ئۇلار ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ياكى بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ بولۇپ،

ئاندىن سۇئاللىرىنى ئوتتۇرغا قويىدىكەن.

مەن كىچىكىپ بارغانلىقىم ئۈچۈن ماقالەمنى كېيىنكى كۈنى ئوقۇيدىغان بولدۇم. راچېل خانىم ماقالەمنى كۆرۈپ، ئوقۇيدىغان مۇھىم قىسمىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىككىنجى كۈنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ماقالەمنى قىسقا فىلىم ۋە سۈرەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇدۇم. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى بولدى.

مىنى يەنە بىر تەسىرلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، يىغىن تەشكىللىگۈچىلىرىدىن Ted نىڭ ئايروپىلان بىلىتىمنىڭ پۇلىسىنى ناھايىتى تېزلا بېرىشى بولدى. مىنىڭ لوندۇنغا ئۈچىدىغان ۋاقتىم ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاماملانغان بولغاچقا ئايروپىلان بىلىتى ساتقۇچى تەرەپتىن مۇنتىزىم بولغان تالون ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئىدىم. بېلەت ساتقۇچى تەرەپ بىلەتنى ئالدىن ئۆزى سېتىۋېلىپ، بېلەتكە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى مىنىڭ تۇرىدىغان جايىم بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنىستىتوتىغا ئېلىپ كەلدى. ئانغىچە يۇك تاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ تۇردۇم. پۇلنى بەردىمدە بېيجىڭ خەلقئارالىق ئايرودرومغا چاپتىم. شۇڭا قولۇمدا مۇنتىزىم بېلەت ئاتچوت قىلىدىغان ھېچقانداق ھۆججەت يوق ئىدى. ئەمما يىغىن تەشكىللىگۈچى تەرەپ قولۇمدىكى ئۇچۇرغا قاراپلا بىلەتنىڭ پۇلنى، تاماق پۇللىرىمنى نەق مەيداندا بەردى. ئۇلار مىنىڭ ئېغىزىمدىكى گەپكە ئىشەنگەن ئىدى. ھەتتا ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا بارىدىغان بىلەتنى مانچە پۇلغا ئالدىم دېگەن ئىدىم. شۇ پۇلنىمۇ بىرىۋەتتى. مىنىڭ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە ئىنسانغا قانچىلىك ئازادىلىك ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسى بېرىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم يات بىر ئەلدە ھىس قىلىپ ئۆتتۇم. بۇ يەردە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى تۇرۇم ۋە قائىدە ـ رەسمىيەتلەر ئالدىدا يەنىلا چوڭ ئىدى.

يۇرتىمىزدا ئەگەر ھەرقانداق بىر تالوننى ئاتچوت قىلماقچى بولساق چوقۇم ھۆكۈمەتكە ئۆتىدىغان مۇنتىزىم ھۆججەت كېتىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى تېپىپ، باجلىرىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىرەر باشلىقنىڭ ئاتچوت قىلىنسا بولىدۇ، دېگەن ئىمزايى چۈشمىسە پۇلنى ھەرگىز ئالغىلى بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن مالىيە ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئۆچىرەت تۇرۇپ پۇل ئالىدىغان گەپ.

غەرب دۆلەتلىرىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ ۋە قىممەت كىشىلىك تۇرمۇش مىزانى

سۈپىتىدە ناھايىتى چوڭ كۆرىلىدۇ. بىزنىڭ غەرپ دۆلەتلىرىدە ياشاپ باققان، ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشىلىرىمىز بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. غەرب دۆلەتلىرىدە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ كەلگەن كىشىلەر بۇ يەردىكى يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە قويمىچىلىقلاردىن رايى يانىدۇ. جۇڭگو خەلقى قەدىمدە ئۆزىنى ئەخلاق دۆلىتى يەنى 礼仪之邦 دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزىمىزنى يۈكسەك ئەخلاقلىق، ئىرىشچان، پاكىزە دەپ تەرپلەيتتۇق. ئەمما كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىر ـ بىرىمىزدىن ئەنسىرەپ، پۇللىرىمىزنى بانكىغا ساندۇقلارغا مەھكەم تىقىپ قۇيىمىز، دوستلىرىمىز، تونۇش ـ بىلىشلىرىمىز يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسە ھېچكىمنىڭ كارى يوق. دوختۇرخانىلار ئەڭ ئالدى بىلەن پۇلنى تونۇيدۇ، بىر كىشى ئۆلۈشكە ئاز قالسىمۇ، دورا ـ ئوكۇل پۇلنى تۆلىمەپسلەر، دەپ قاراپ تۇرىدۇ.

بىز بىر ـ بىرىمىزگە يالغان ئېيتىپ كىشىلىك ئىززەتكە خىيانەت قىلىمىز. بىر ـ بىرىمىزنى ئالداپ، تويماس نەپسىمىز ھەلەكچىلىكىدە كىشىلىك ساپايىمىزنى تۆگەشتۈرىمىز. بىز بىر ـ بىرىمىزنى رەھىم ـ شەپقەت قىلمايمىز. ھايۋانلارغا ئوخشاش بىر ئولجا تاپساق تەڭ خىرىس قىلىپ بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئولجىنى يەيمىز. بىزنىڭ ساپايىمىز، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمىز، ئەخلاق ئۆلچىمىمىز ئىگىز بىنالار، ئېسىل ماشىنىلار، يالتىراق شۆھرەتلەر ئارىسىدا يىگىلگەن، سۈسلىغان. قىسقىسى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ ھۆرمەت ۋە قىممەت دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمەستىن، ھايۋانىيلىق خۇسۇسىيەت تەرەپكە قاراپ ئېغىۋاتقان. مەسلەن: ئەگەر لوندوندا كوچىلاردا ، ماشىنىلاردا كىشىلەر ئۆز ـ ئارا سۈركىلىپ كەتسە سوقۇلغۇچى تەرەپمۇ سىزدىن بۇرۇن "كەچۈرۈڭ" دەيدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە كىشىلەر بىر ـ بىرىنى ئۆرىۋەتسىمۇ كارى يوق كىتىۋىرىدۇ. بىز تېخى ئۇلاردەك ئالدىراش ئەمەس، ئەمما ئاممىۋى ئەخلاقتا ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان تەرەپلەر خىلى كۆپ.

مىنىڭ بۇنداق دېيىشىم ھەرگىزمۇ ئايروپىلان بىلىتىنىڭ ئىشى ئۈچۈنلا ئەمەس. لوندۇندا بىر قېتىم يەر ئاستى پويىزىنىڭ بىلىتىنى يۈتتۈرۈۋەتتىم. چىقىدىغان ۋاقىتتا چوقۇم كارتا سىيرىغۇچقا سېلىنىشى كىرەك ئىدى. ئەمما مەن كارتامنى تاپالمىغاندىن كېيىن خىزمەتچى خادىم توسۇقنى ئېچىۋەتتى. ئادەتتە لوندۇندا يەر ئاستى پويىزلىرىدىن بىلەتسىز چىقىشقا توغرا كەلسە خەلق پۇلىدا 250يۈەن

جەرىمانە تۆلەش كىرەك ئىكەن. يەنە بىر قېتىم خىزمەتچى خادىم ئاپتوماتىك بېلەت ئالالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، (كېچە سائەت 11 بولغان بولۇپ، بېلەت ساتىدىغان خادىم ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى)، مىنى يەر ئاستى پويىزىغا چۈشۈشكە رۇخسەت قىلدى. يۇرتىمىزدا يول قويسا بولىدىغان جايلاردا قانۇن ـ سىياسەتلەر ئالاھىدە تەكىتلىنىپ يول قويۇلمايدۇ. چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك، قانۇنلۇق ئىشلار ئەمەلىي شارائىتنى كۆزدە تۇتۇپ، بىكار قىلىنىۋېتىدۇ ياكى قانۇن سىياسەت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

تونۇش بىلىشلىرىمىنىڭ ئارىسىدا چەتئەلدە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچ يوقكەنغۇ، دەپ ئاغرىنىدىغانلار كۆپ. چەتئەلدىكىدەك ئويلاپ بۇ يەردە زىيان تارتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. قىسقىسى، بىز كىشىلىك ئەخلاقىمىزنى، قىممەت قاراشلىرىمىزنى، ئادىمىيلىك پرىنسىپلىرىمىزنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج. ئۇنداق بولمايدىكەن زامانىۋى ئېگىز بىنالار ئارىسىدا قورشىلىپ ئەقلى بولغاندىن ھايۋاندىن پەرقىمىز قالمايدۇ. ئېگىز بىنالار، ھەشەمەتلىك ئۆي ۋە ماشىنىلارنىڭ كىشىلىك ئەخلاق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. كىشىلەردە شۇنداق بىر ئورتاق قاراش بار: تەرەققىي قىلدۇق، شەھەرلەشتۇق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇرەككەپلەشتى، ياشاش تەسلەشتى، شۇڭا بىر ـ بىرىمىزگە ھوشيار بولمىساق، ئۆلجىغا ئېرىشىسەك چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. لوندۇندا ئېگىز بىنالار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئادەتتە تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۈچ قەۋەتتىن، مېھمانخانا ۋە باشقا بىنالار يەتتە ـ سەككىز قەۋەتتىن ئاشمايدىكەن. يىغىپ كەلسەك ئۇلار بىزدىن ئالدىراش. بىزدىن كۆپرەك ئىشلارنى قىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكى يەنىلا چوڭ. ئۇ يەردىمۇ ئۆي سېتىۋېلىش، خىزمەت تېپىش ئوڭاي ئەمەس. ئەمما كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت خار ئەمەس.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بىزمۇ تەرەققىي قىلدۇق. ئېگىز ـ ئېگىز بىنالىرىمىز بار، ھەممە كىشىلەر ماشىنىلاشتى، شەھەر ئاممىۋى ئەسلىھە، مۇلازىمەت قاتارلىقلار تەرەققىي قىلدى، ئىقتىسادىمىز مانچە سۈئەت بىلەن باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشتى. مانا بۇ تەرەققىيات دەپ قارىشى مۇمكىن. مەن لوندۇندا بىر نەچچە تونۇشۇمدىن سورىدىم. تەرەققىيات ھەرگىزمۇ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن تەڭ

ئۇقۇم ئەمەس ئىدى. ئىنساننىڭ تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ قانچىلىك بايلىققا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانچىلىك ساپاغا ئىگە بولغانلىقىنى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە دېمكراتتىيەلەشكەنلىكى، ئادەمنىڭ قىممىتىنىڭ ئىجتىمائىي پرىنسىپ، تۈزۈم ۋە ئەخلاق نورمىلىرىدا قانچىلىك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. لوندۇندا كوچا ئاپتوبۇسلىرى ۋە يەر ئاستى پويىز قاتارلىقلارغا بوۋاق بالىلارنى ھارۋىسى بىلەنلا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە بالىلار يەسلىگە بارالىغۇدەك بولغاندىلا ئاندىن سىرتتىكى مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. گەرچە لوندۇننىڭ يەر ئاستى پويىز سىستېمىسى 1863 ـ يىلىدىن باشلاپ لايىھىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق بىر قۇرۇلۇش ۋە تۈزۈلمىدە ئادەمنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. يوللارنىڭ قىزىل چىراقلىرى ئاپتوماتىك يانماستىن پىيادىلەر كىلىپ كونۇپكىنى باسقاندىن كىيىنلا ئاندىن ماشىنلار توختاپ پىيادىلەرگە يول بېرىدۇ. قەدىمدە مىسىر پىرئەۋنلىرىدەك، ئەلى بابادەك، قارۇنلاردەك باي كىشلەر بولمىغان. ئەمما ئۇلار غايەت زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغان دىگىلى بولمايدۇ. ھازىر ئۇلار بىلگەننى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بالىلىرى بىلىدۇ. بىزنىڭ قۇرغان شەھەرلىرىمىز، تۈزگەن تۈزۈمىمىز، ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىز يىغىپ كەلسەك ئىنساننىڭ بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقىشى ئۈچۈن. مەن بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئىنساننىڭ بەختى ھەرگىزمۇ ماددى جەھەتتىكى تولۇق راھەت ـ پاراغەتنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ماددىيلىق بىلەن مەنىۋىلىكنىڭ ئۆز ـ ئارا جىپسىلىشىنى كۆرستىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىنى يەتتە ئاتوم بومبىسى ۋە بىئولوگىيلىك قۇراللار بىلەن بىر دەمدە كۇمپەيكۇم قىلغىلى بولىدۇ. يەر شارىدا ھازىرغا قەدەر بايقالغان تەبىئىي بايلىقلار ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ دەرىجىدە 100يىل پايدىلىنىشىغا يەتمەيدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن تېخى ئالدىدا ماڭىدىغان يوللار ئۇزاق. كۆز ئالدىمىزدىكى نەرسىلەر بىزگە مەڭگۈلۈك ئەمەس...

3

لوندۇندا يىغىن تۈگىگەندىن كىيىن بىر نەچچە كۈن ساياھەتتە بولدۇم. يىغىن تۈگىگەن تۈنجى كۈنى كەچتە يىغىن رىياسەتچىلىرى تەرىپىدىن كونسىرت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر نەچچە مۇزىكانت نۇمۇرىدىن كىيىن، لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تەرىپىدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئورۇندالدى.

تاماششىبىنلار ئىسقىرتىپ، چاۋاك چېلىپ ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلەشتى. بۇ كونسېرتقا بىر نەچچە ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز قاتناشقان بولۇپ، بەزىلىرى لوندون ئونۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، بەزىلىرى شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى. كونسېرت تۈگىگەندە بىر نەچچە ئۇيغۇر بىلەن تونۇشتۇم ۋە ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇچۇرلارنى قەيەردىن بىلىدىغانلىقىنى سورىسام، ئەزىز ئەيسا ئاكىمىزنىڭ تارقىتىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. ئۇ لوندوندىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاممىۋى ئۇچۇرلارنى توردىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن ۋە ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە تەشكىللەيدىغان ئۇچۇق سۆز زىيالىي ئىكەن. شۇ يەردە تونۇشقان بىر تونۇشۇم مىنىڭ ئالدىن زاكاز قىلىپ بولغان ياتىقىمنى قايتۇرۇۋەتكۈزۈپ، مىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بىر قان، بىر ئېتىنىڭ مەنبەنىڭ راھتى ماڭا قۇچاق ئېچىۋاتاتتى. تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇلار مىنى پولوغا تەكلىپ قىلدى، پولو شۇنچىلىك ئوخشىغان بولسىمۇ، نەچچە كۈنلۈك سەپەر ۋە يىغىن ھاردۇقى بىلەن ئۇزۇمنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتىم.

لوندۇندا يىمەكلىكلەر ناھايىتى ساپ بولۇپ، مېۋە-چېۋىلەرگە خىمىيىلىك دورىلار ئىشلىتىلمەيدىكەن. بانان قاتارلىقلار مۆلەر كۆپكۆك سېتىلىدىكەن. بۇ يەردىكىدەك تېشىغا دورا سۈركەپ سارغايتىلمايدىكەن. ئېرىزكامىنىڭ ئۆيىدە تاماقلىنىش، تونۇشۇمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە رىتىمى ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولدۇم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە مەندىن سوراپ قالدى. مەن چەتئەلگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئولتۇراقلىشىش قاتارلىقلارنىڭ بىزدەك بىر مىللەت ئۈچۈن ناھايىتى تەستە كېلىدىغان ۋە ئىشقا ئاشىدىغان پۇرسەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا چەتئەلدە ياشاۋاتقانلارغا قول قويىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. چۈنكى ۋەتەندىن، قېرىنداشلىرىدىن، دوستلىرىدىن، ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئايرىلىپ ئۆزگە ناتونۇش بىر مۇھىتتا جان بېقىش، ھايات كەچۈرۈش ئىنتايىن جاپالىق ئىشلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىمىزدىن، تۇپرىقىمىزدىن، قانداشلىق تۇيغۇسى ئىچىدىكى شىرىن مۇھەببەتلەردىن كېچىپ يات بىر مۇھىت ئىچىدە ھەممىنى يېڭىدىن باشلىشىمىز كېرەك. بىز چىرايلىق كىيىم كىيسەك، ئۇ يەردە چىرايلىقكەن دەپ ماختاپ قويىدىغان دوستلىرىمىز بولمايدۇ. بىز جان بېقىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرسەك، بەك ئۇزۇڭنى ئۇرۇپ كەتمە، بىز

بار، دەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار قېرىنداشلار بولمايدۇ. يات بىر مۇھىتتا ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش كېرەك. چەتئەلدە بۇ يەردىكىدەك ئىشخانىغا ئەتىگەن كىلىپ گېزىت ئوقۇپ كۈن كەچ قىلىپ مائاش ئالىدىغان ئىش يوق.

سىرتقا چىقىپ ئىشلەش، ئوقۇش ۋە ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن بىزدە راۋان بولغان ئېنگىلىزچە سەۋىيە بولۇشى كىرەك. ئەگەر ئېنگىلىزچە بىلمىسەك ھەرقانداق ئىشنى قىلالىساقمۇ، بىر يەرگە بېرىپ ئىشلىيەلمەيمىز، مەقسىتىمىزنى ئىپادىلىيەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىشنىڭ بىرىنچى ئاساسى تىل بولۇپ قالىدۇ. چەتئەلدە تېخى خالىغانچە ئىش تېپىپ ئىشلىگىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىر ئورۇندا 8سائەت ئىشلىسەك باشقا جايلاردا ئىشلەش ھوقۇقىمىز بولمايدۇ... جۇملىدىن يات بىر مۇھىتتا جان بېقىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا چەتئەلدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھىغا قول قويۇش، تىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىش كېرەك. قېنى ئېنگىلىزچە بىلمەيدىغان، جاپالىق مۇھىتلارغا كۆنەلمەيدىغان قايسى بىرىمىزنى پوككىدە چەتئەلگە تاشلاپ قويسۇن، قانچە كۈن ياشيالايدىكەنمىز؟ شۇڭا مەيلى ئۇلار قانداق ياشىسۇن، ياشاش جەھەتتە بىزدىن ئارتۇقراق تالانتلارنى ھازىرلىغانلاردۇر. چەتئەلدىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىق، جاپا تارتىش روھىدىن ئۆگىنىش كىرەك. يۇرتىمىزدا ئۆيىمىزدىن بەش كىلومىتىر كىلىدىغان مۇساپىدە خىزمەت قىلىپ قالساق چۇقۇم ماشىنا ئالمىساق ۋە ئۆيىنى شۇ يەرگە ئالماشتۇرمىساق پۇخادىن چىققاندەك بولمايمىز. ئەمما بۇ يەردە ئۆيدىن 20 ـ 30كىلومىتىر كىلىدىغان جايدا خىزمەت قىلىش نورمال ئىش. گەپنىڭ قىسقىسى، ئورۇمچىدە ياشاش بېيجىڭدە ياشاشتىن ئاسان، خوتەندە ياشاش ئورۇمچىدە ياشاشتىن ئاسان(ماددى جەھەتتىن).

چەتئەل تۇرمۇشى كۆپ كىشىلەرنىڭ تەلپۈنۈش ئوبىكتى بولسىمۇ، ئەمما ياشاش ئۇنچىۋالا ئاددى ئەمەس. شۇڭلاشقا بەزىدە ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن ۋەتەندە ياشىغاندىن تەس كۆنگە قالىدىغان گەپ. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىسترلىق ئۇنۋانى ئالدىم. ئەمما ئەنگىلىيەدە بۇ سەۋىيە تولۇق كورس سەۋىيەسىگە تەڭ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسى بىزنىڭكىدىن ئىلغار. ئىجادچان ۋە ئەركىن تەپەككۇرنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۇلارنىڭ مەقسىتى بولسا، بىزنىڭ مائارىپىمىز ئىمتىھان قەغىزىدىكى نومۇر بىلەن ئادەم ئۆلچەيدۇ...دېمەك، چەتئەلدە ياشاش ئۈچۈن بىزدە مەلۇم

دەرىجىدە ئىقتىدار ۋە ساپا بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. جاپا تارتىمىز، رىيازەت چېكىمىز، تەنھالىقتا قالىمىز، مېھىر-مۇھەببەتكە تەشنا بولىمىز.... ئەمما، ئۇ يەردە ئىنسان قەدىر-قىممىتىگە، مىسلىسىز بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە ئېرىشكىلى بولىدۇ...

شۇ كۈنلەردە پارىژىمىز ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئۇلارغا قانداق قارايدىغانلىقى ئۈستىدە بولۇپ، مەلۇم بىر تور بېكەتتىكى ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىگە قارىتا يېزىلغان باھالارغا كۆزۈم چۈشتى. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى 2006-يىلى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق، ئافرىقا تەتقىقات بۆلۈمىدە بىر يىلدەك زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە تۇرغان بولۇپ، "لوندوندىكى ئۇيغۇر بالىلىرى" دېگەن تېمىدا شېئىر يېزىپ "شىنجاڭ مەدەنىيىتى" ژورنىلىدا ئېلان قىلغان ئىدى. مەن "شىنجاڭ مەدەنىيىتى" ژورنىلىدا ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ لوندون ھەققىدىكى يەنە بىر پارچە ماقالىسىنىمۇ ئوقۇغان ئىدىم. ھېلىقى شېئىرنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا لوندوندىكى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ جاپالىق، تەنھالىق تۇرمۇشى ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولغان ئىدىم. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شېئىرىدا لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن نۇقسانلىرى كۆپرەك تەسۋىرلەنگەن ئىدى. مەن ئىلگىرى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ باشقا يازمىلىرىدىن ھەرقانداق بىر شەيئىگە تەنقىدى پوزىتسىيە تۇتىدىغان خاراكتېرىنى بىلىپ يەتكەنىدىم. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى باشقا جانباقتى ۋە ئۆزىدىن-ئۆزى ھۆزۈرلىنىپ يۈرىيدىغان باشقا يازارمەنگە ئوخشىمايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە بىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزنى بىزدىن بۇرۇن كۆرگەن تالانتلىق كىشى ئىدى. ئەمما لوندوندا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا توردىكى سېسىق گەپلىرىنى بىرمۇ-بىر ئوقۇپ چىقتىم ۋە "لوندوندىكى ئۇيغۇر بالىلىرى" دېگەن شېئىرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. قارىسام لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىچىلىك دەرىجىدە ناچار ئەمەس ئىدى. ئۇلار يەنىلا بىزگە شۇنچىلىك قىزغىن ئىدى. يات بىر مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئىدى. ئۇلار ماڭا ئۆزىنىڭ جاپا تارتىشىنىڭ نەتىجىسىنى كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرى كۆرىدىغانلىقى، ئۆزى جاپا تارتسىمۇ پەرزەنتلىرى كېيىنكى كۈنلەردە باشقا ئەنگلىيىلىك بالىلارغا ئوخشاشلا كۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئابدۇقادىر

جالالىدىننىڭ يازمىسىغا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ئىنكاس قايتۇرغان بولۇپ، ئىنكاسلانىڭ ئومۇمىي خاھىشىدىن قارىغاندا ئابدۇقادىر جالالىدىنغا نىسبەتەن نارازىلىق ئىنكاسى چوڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چەتئەلدىكى، بولۇپمۇ لوندوندىكى ئۇيغۇرلار ھېلىقى شئېردا تەسۋىرلەنگەندەك ئۇنداق ناچار تۇرمۇش كەچۈرمەيتتى. ئۇنداق چېچىلاڭغۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بىر ـ بىرىنى ياراتمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان، چىقىشالمايدىغان، قاچىدىغان ئەمەس ئىدى. ئۇلارمۇ لوندوندىكى باشقا كۆچمەنلەرگە ئوخشاشلا بەزىلىرى كۆچمەنلەر رايونىدا، بەزىلىرى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى تەبىقە رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ ياشايتتى . . .

يېقىندا ئابدۇقادىر جالالىدىن يازغان "مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى" دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى. مەن بۇ كىتابنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇپ بولۇپ ئۇستازنىڭ بۇ كىتابىنىڭ ياپونىيە ھەققىدىكى "ئۆزلۈك بوسۇغىسىدا" ناملىق كىتابتەك مۇۋاپىقىيەتلىك چىقمىغانلىقىنى بايقىدىم. "ئۆزلۈك بوسۇغىسىدا" ياپونلار بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز، خاراكتېرىمىز سېلىشتۇرۇلغان، ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلەر پاكىتلىق ھالدا سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەممە كىشىنى قايىل قىلاتتى. "مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى" دا گەرچە لوندون ھەققىدە ئومۇمىي ئۇچۇر بېرىلگەن بولسىمۇ، ھازىرقى مەۋجۇتلۇق ھالىتىمىز ھەققىدە ئويلىنىشلار ئاز ئىدى.

مىنىڭ نەزىرىمدە ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ھېلىقى شئېردا لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى بەك چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇڭا بەزى ئىنكاسلار خېلى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. "مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى" دېگەن كىتابىنىڭ ئومۇمىي ۋەزنىدىن قارىغاندا ئابدۇقادىر جالالىدىن لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق ئۇيۇشۇش ئىچىدە ئۆتۈشنى، بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ، بىر ـ بىرىگە سىرداش بولۇشنى، كۈچلۈك جامائەت توپى شەكىللەندۈرۈپ بەلەن ياشىشىنى ئۈمىد قىلغاندەك ئىدى. گەرچە بۇ ناھايىتى ياخشى تىلەك بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. ئۆز يۇرتىمىزدا تۇرۇپ ئۇيۇشۇشنىڭ كۈچىنى كۆرەلمىگەن يەردە، ھەركىم ئۆز غېمى بىلەن ئالدىراش يۇرتۋاتقاندا كوللېكتىپ ھەققىدە ئويلىنىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتئەلدىكى ھەرقانداق بىر خىزمەت ئىندىۋىدۇئاللىقتا مايىل بولۇپ، ئالاھىدە توپ شەكىللەندۈرۈپ ياشاش تەس. ئۆز يۇرتىدىن

نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بىرىپ، باشقا يۇرتتا قەدىر-قىممەت ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارزۇسىدەك ياشاش ئۈنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. مىنىڭ نەزىرىمدە ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ ھېلىقى شېئىرىغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ بەزىسى خىلى ئۇرۇنلۇق ئىدى. ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە خاتا چۈشەنچە بىرىپ قويغان ئىدى. لوندۇندىكى ئۇيغۇرلار روھىي ۋە ماددى جەھەتتىن ئۇنداق ناچار ئەمەس ئىدى. بىز نىمىشقا ئۇلارنىڭ ئاز-تولا كەمچىلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىز؟ ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئابدۇقادىر جالالىدىن بىر نەچچە يىل تەلپۈنگەن لوندۇنمۇ شۇ ئىدى. قاقشاشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى، ئۇلار ئابدۇقادىر جالالىدىن قاقشاشنىڭ ئورنىغا يارامىلىق پەرزەنتلەرنى تەربىيلەپ ساپالىق كىشىلەر قىلىپ تەربىيلىشى كىرەك. دەپ قارايتتى. ئابدۇقادىر جالالىدىن "مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى" ناملىق كىتابىدا ئېيتقاندەك گەرچە كىشىلەرنىڭ بۇ شېئىر ھەققىدىكى ئىنكاسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىنمۇ لوندوندىكى تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىش، پۇل تېپىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ئورنىدا كۆزەتچىلىك قىلىپ باققان، نەچچە قېتىم ئۆي كۆچۈپ باققان ئىدى. ئەگەر بىز بىز ئىنتىلگەن تۇرمۇشنىڭ جاپالىرىدىن ياكى كىشىلەرگە كەلتۈرگەن بېسىملىرىدىن قاقشاپ يۈرىيدىغان بولساق، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ جاپاسىنى راھەت كۆرمىسەك، ئارزۇسىز، نىشانسىز ھالدا ئېتىزدىكى قۇرتتەك تەييارنى يەپ ئۆتۈپ كىتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى ھەققىدە نىمە دىيىش مۇمكىن؟ توغرا، بەزى كىشىلەر لوندۇندىكلەرنىڭ ھەق ئەھۋالى يېزىلىپتۇ، دىيىشتى. ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىمىزدىن، تۇرمۇشىمىزدىن بۇنداق ھەقلەرنى قازىدىغان بولساق، ئاچچىقتىن ئۆلۈپ كېتىمىز. ئادەمنىڭ قىيىن تۇرمۇشتىكى مۇھتاجلىقى كۈچلۈك ئىرادە ۋە مەدەتكە مۇھتاج، بولۇپمۇ يات مۇھىتتا تېخىمۇ شۇنداق.

ئادەتتە بىز دۇنيانى مۇنداق ئىككى كۆز بىلەن كۆرىمىز. بىرى، ئۆزىمىزنىڭ كۆزى. يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ كۆزى. ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن دۇنيا كۆرۈش ئۈچۈن بىز باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىلىشىمىز كىرەك. سەپەر جەريانىدا خاتا تۇيغۇغا كىلىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن باشقىلار ھەققىدە بىزدە مەلۇم زاپاس بىلىم بولۇشى كېرەك. مۇنداق بولمىغاندا، ئۇرۇمچىنىڭ بەيگە مەيدانى(赛马场) چىققان كىشى ئۇرۇمچىدىكى ئۇيغۇرلار بەيگە مەيداندىلا ياشايدىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كىرىپ قالىدۇ. جۈملىدىن

شەخسنىڭ باشقىلار ھەققىدىكى بىلىش سەۋىيەسى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە، بىلىم سەۋىيىسىگە كۆپرەك ئاساسلىنىدىغان بولغاچقا، مەلۇم بىر ئوبىكت ئۈستىدە كىشىلەردە نۇرغۇنلىغان قاراشلار بولىدۇ. مەسىلەن ئۇرۇمچى ھەققىدە جەنۇب كىشىلىرى بىلەن شىمال كىشىلىرىنىڭ باھاسىدا روشەن ئوخشىماسلىقلار بولىدۇ. بىز بۇگۈنكى كۈندە ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە نۇرغۇن باھالارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ باھالار ئىچىدە: ئامېرىكا بارىدىغان يەر ئەمەسكەن، بالىلىرىمىز تۈگەشتى، بالىمىزنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىمىز سورۇلۇپ تۈگىدى، بالىلىرىمىز ئۇ يەردە بىر نانغا زار ئىكەن، دېگەن باھالارنىمۇ، دۇنيادا ئامېرىكىدىن باشقا دېموكراتىيە ئومۇملاشقان، ئوقۇتۇش سەۋىيەسى ئۇنىڭدىن ئىلغارراق بىر دۆلەت يوق، دىگەندەك باھالارنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. دېمەك، بالىسىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىقتىسادى سورۇلغان بىر كىشى بىلەن ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كەڭتاشا ئوقۇغان بىر كىشىنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى باھاسى ئوخشاش بولمايدۇ.

دۇنيانى كۆرىدىغان ئىككىنچى كۆز باشقىلارنىڭ كۆزى. بىز باشقىلار يازغان كىتابلارنى، ئېلان قىلغان ماقالىلەرنى، ئىشلىگەن كىنولارنى، تور بېكەتلەرنى كۆرۈش زىيارەت قىلىش، باشقىلارنىڭ تەسراتلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق يات جايلارغا بولغان قىزىقىشىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرىمىز ۋە بۇ ھەقتە بىلىمگە ئىگە بولىمىز. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، باشقىلارنىڭ بىزگە چۈشەندۈرۈۋاتقىنى ھەرگىزمۇ %100ھالدىكى توغرا بىلىم ئەمەس. ئۇنىڭغا كىنو ئىشلىگۈچىنىڭ غەرب تۇرمۇشى ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرى، تور بېكەت قۇرغۇچىنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن كىچىكنى چوڭ قىلغان قىلمىشلىرى، يازغۇچىغا نىسپەتەن ئۆزى كۆرگەن كۆرۈنۈشلەرنى سىېلىغداپ كۆرستىدىغان ماھارەتلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئامېرىكىدا قىز ـ ئوغۇللار ھەرقانداق بىر سورۇننى ئۆزىنىڭ يات جىنسقا بولغان قىزىقىشىنى باسىدىغان ئورۇن قىلىلايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بىز ئەر ـ ئاياللارنىڭ شاللاق قىلىقلىرىنى كىنولاردىن كۆرۈپ، يات ئەللەر شۇنداق دەپ خاتا تونۇشقا كىلىپ قالدۇق. ئاندىن كىيىن كىنولارنى دوراپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن يۇرتىمىزدا كىنولاردا تەسۋىرلەنگەن ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى جىنسىي قىلمىش تېپىلىدىغان بولدى، بىز مۇسۇلمان ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالدۇق. ئەگەر

كىشلىرىمىزگە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ توي قىلىشى قانۇنلۇق قىلىپ بېرىلسە، كىشلەر بىر ـ بىرىدىن ئۆيالمىسا، بۇ يەردىمۇ ئوخشاش جىنسلىقلار توي قىلىۋېرىدۇ. بۇ پاكىت. بۇ يەردە ئوخشاش جىنسلىقلار يوشۇرۇن هالدا هەرىكەت قىلىدۇ، خالاس.

ئامېرىكىدىن كەلگەن بىر تونۇشۇم بىلەن ئۇرۇمچىدىكى ئەسلىدىكى هايۋاناتلار باغچىسىدا تاماقتىن كېيىن بىر ئازا سەيلە قىلدۇق. بىز باغچىنى بىر ئايلىنىپ بولغۇچە چىرماش بولۇپ كەتكەن بىر نەچچە جۈپنى ئۇچراتتۇق. تونۇشۇم هەيران قالدى. ئۇ سىلەر بەك ئوچۇق بولۇپ كېتىپسىلەر، ئامىمۋى سورۇن ئەخلاقىغا رىئايە قىلمايدىكەنسىلەر، دېدى. مەن ئۇنىڭغان هازىر ياشلار ئارىسىدا مۇنداق ئىشنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ: ئامېرىكىدىمۇ مۇنداق ئىشلار بار، ئەمما كىشلەر بۇنداق ئاشكارا ئەمەس. بۇنداق ئىشلار يوشۇرۇن بولىدۇ. سىلەرگە ئېيتسام، يەرلىك ئامېرىكىلىقنىڭ بەزىسى سىلەردىن مۇتىئەسسىپ ۋە جاهىل، دېدى. مەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدۇم. ئەنگلىيىدىكى كۆنلىرىمدە كىشلەرنىڭ كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا، يەر ئاستى پويىزلىرىدا بۇ يەردىكىدەك قۇچاقلىشىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، باغچىلاردا ئۆز هەۋىسىنى قاندۇرىدىغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەرنى ناهايىتى ئاز ئۇچراتتىم. توغرا، غەرب دۆلەتلىرىدە جىنسىيەت شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، ئەمما ئامىمۋى سورۇننىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاقى بولىدۇ. بۇ يەردە ياغلىقنى ئوبداق چىگىۋېلىپ، كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا بەللىرىدىن چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرىدىغان قىز ـ يىگىتلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن.

خۇلاسە قىلغاندا، مەدەنىيەت چەت ۋە ياقا رايونلاردا شەكلى ئۆزگەرگەن هالدا تارقىلىدۇ. چەت رايون كىشلىرى هەمىشە مەدەنىيەتنى خاتا ئىستېمال قىلىۋېلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن، قىممەت قارىشىدىن ناهايىتى ئوڭايلا تانىدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق دۇنيانى چۈشىنىدىغان بولۇپ، پەردازلانغان تۇرمۇش شەكلى، قىممەت قاراش ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يىلتىزىدىن تىزلا ۋاز كېچىپ، مودا ئېقىمغا ماسلىششقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقتا يىگىلەش يۈز بېرىپ، كىشلەر ماددى مەئىشەت هەلەكچىلىكىدە دۇۋانە، ئەخلاق باغچىسىدا سەرسانە، مۇهەببەت كوچىسىدا ۋەيرانە بولۇپ قالىدۇ. سىز دۇنيانى قانداق چۈشىنىۋالسىڭىز دۇنيا سىزگە شۇنداق كۆرىنىدۇ، شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەخلاقى مىزانلىرى، كىشلىك پىرىنسىپلىرى

بىز ياشاۋاتقان مۇھىتقا ماسلىشالمىدى ئەمەس، بىز دۇنيانى خاتا چۈشىنىۋالدۇق. ئىنسان ئۆز ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولغۇچى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى بەرگۈچى.

**4**



لوندون ھەققىدىكى تەسىراتىم مۇشۇلاردىن ئىبارەت. ئەسلىدە بۇ خىلى بۇرۇنلا يېزىشقا تېگىشلىك ماقالە ئىدى. باشقا يۇرتقا ساياھەت قىلىپلا بىر نەرسە يازىدىغان يازارمەن بولۇپ قالماي دىگەن ئۈمىد بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالمىغان ئىدىم. چۈنكى ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان چەتئەللىكلەر سىلەردە باشقا يۇرتقا ساياھەت قىلسىلا بىر نەرسە يازىدىغان ئادەت بار ئىكەن، دىگەن گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىغانمەن. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، بىزدەك دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر مىللەت ئۈچۈن دۇنيانى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ماقالە، كىتاب، كىنولار، گېزىت-ژورناللار دورىدەك لازىم ئىدى. بىزنى توغرا يېتەكلەيدىغان، يات تۇرمۇشقا توغرا قارىيالايدىغان يازارمەن، ناتىقلار بىزگە دوختۇردەك لازىم ئىدى.

ئادرېسى: ئىستانبۇل ئونۋېرسىتتى فىلولوگىيە ئىنستىتوتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى بۆيىچە دوكتۇر ئاسپىرانتى Email: ikbal302003@yahoo.com.cn